
انما يخشى الله من عباده العلماء

ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.

# ئۆلىمالار

# olimalar



2025-يىللىق 1-سان، ئومۇمىي 11-سان

— يېرىم يىللىق دىنىي ژۇرنال —

ئۆلىمالار
olimalar

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ نەشر ئەپكارى
DOĞU TÜRKİSTAN ULEMALARI DERNEĞİ YAYINLARI
منشورات وأفكار اتحاد علماء تركستان الشرقية
PUBLISHER OF THE EAST TURKISTAN MUSLIM SCHOLARS ASSOCIATION

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مۇندەرىجە

ئەخلاق ۋە ئەخلاقىمىز.......................................
.......................................دوتسېنت، دوكتور ئالىمجان بۇغدا (1

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەت ئەخلاقى ..............................
................................... مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت (7)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاق تەربىيەسى ..........................
.......................................... ئابدۇلئەھەد ھاپىز (20)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى ئەخلاقىي پىرىنسىپلار ۋە
ئەھمىيىتى ................................. تاھىرجان ئابباس (36)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبەت ئەخلاقى ......................
.......................................... مۇھەممەد يۇسۇپ (42)

ئىسلاھاتچى ئالىم ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭ دەۋەت پائالىيەتلىرى ...................
.................................. ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي (48)

«چىراي تۈرۈش» سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىسلامىي پىرىنسىپ ..................
.................................. دوكتور تۇردىمۇھەممەد ئابدۇللاھ (54)

2025-يىللىق
1-سان
(ئومۇمىي 11-سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
دوكتور ئالىمجان بۇغدا

باش مۇھەررىر:
مۇھەممەد يۇسۇپ

تەھرىر ھەيئىتى:
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي
ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى
ئابدۇسالام تەكلىماكان
ئابدۇلئەھەت ئۇجات
تاھىرجان ئابباس

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى:
ئىستىقلال مېدىيا
www.istiqlalmedia.com

0212 540 31 13
Adres: Kemalpaşa Mahallesi 1. Biga Sokak No: 27 Daire:5
Küçükçekmece/İstanbul
www.olimalar.org
olemalarjournili@gmail.com

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

جىمى ھەمدۇسانا، ئەڭ گۈزەل ماختاش ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالانى چىن يۈرەكتىن مەدھىيەلەيمىز ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمىز؛ ھەق دىنىنى بىزلەرگە يەتكۈزگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالام يوللايمىز؛ ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە تا قىيامەتكىچە شۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بەخت - سائادەت تىلەيمىز.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى يەر يۈزىگە ئاپىرىدە قىلىپلا قالماي، دۇنيادا باي - باياشات ياشىشى، ئاخىرەتتىمۇ بەخت - سائادەتكە ئېرىشىپ، سائادەتمەنلەردىن بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئاتىسى بولغىنىدەك، ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن تۇنجى پەيغەمبەر ئىدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىنسانلار ھەق دىنىنىڭ روھىدىن پۈتۈنلەي يىراقلىشىپ، كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا تېڭىرقىغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئارقا - ئارقىدىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشى نەتىجىسىدە يەنە ھەق دىنغا قايتقان. ئاللاھ تائالا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا، دىنىنىمۇ تەدرىجىي تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ سەرخىلى، پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق كامالەتكە يەتكۈزدى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلامنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم»(1). شۇڭا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارلىق پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن دىنىنى تاماملاپ، ۋايىغا يەتكۈزگەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىنى، ئىش - ئىزلىرىنى، ئىنسانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش يولىدا قىلغان جاپالىق كۈرەشلىرىنى تولۇق ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەگىشىش ۋە ئۇنى چىن دىلىدىن سۆيۈش «مەن مۇسۇلمانمەن» دېگەن ھەربىر كىشىگە نىسبەتەن ئەڭ ئالدىنقى پەرزلەردىن بىرىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبىرىمىز دىنىنى پۈتۈن ھايات ساھەلىرىدە تەتبىقلاپ

[1] سۈرە مائىدە، 3 - ئايەت.

كۆرسەتكەن زات بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئەگەشمىگەن ئادەم توغرا يول تاپالمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى قىلىپ بەلگىلەنگەن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام ئىنسانىيەتنىڭ ئېھتىياجلىق ئۆلگىسى، قۇرئان كەرىمنىڭ جانلىق تەرجىمىسى، كىشىلەرگە ئىسلامنىڭ داغدام يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نۇرلۇق چىراغدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش ئىماننىڭ تەقەززاسىدۇر. چۈنكى، ئىماننىڭ ئاساسى «لا اله الا الله محمد رسول الله» يەنى «ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوق، مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر» دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ مەزمۇنىغا چىن دىلىدىن ئىشىنىشتۇر. شۈبھىسىزكى، «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئىمان ئېيتىش» دېگەنلىك ــ ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى چىن دىلىدىن تەستىقلاپ، گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى، ئېسىل پەزىلىتىنى، دىنىنىڭ يوليورۇق ۋە تەلىماتلىرىنى ھاياتىغا قانداق تەتبىقلىغانلىقىنى ۋە مىسلىسىز ئەۋزەللىكلىرىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىپ، ئەمەل قىلىش پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، ئەگەر ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان بولساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار، ئاللاھمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[2].

ئەگىشىش ــ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرىغا ئەمەل قىلغانلىقىنىڭ سىرتىدا، ھاياتىمىزنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ئۇنىڭ يولىدىن مېڭىش، بۇيرۇغانلىرىنى قىلىش، گەپ ـ سۆزلىرىمىزدە ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىزدە ئۇنى ئۆزىمىزگە ئۆلگە قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. بۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى، گەپ ـ سۆزلىرىنى ۋە بارلىق ئەھۋالىنى، ئۇلۇغ خىسلەتلىرىنى، ئېسىل پەزىلەتلىرىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئەگىشىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بولغانلىقى نۇقتىسىدىن بىر پەرز بولسا، ئۇنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى ۋە بارلىق ئىش ـ ئىزلىرىنى ئۆگىنىش يەنە بىر پەرزدۇر. چۈنكى، «پەرزنى ئورۇنداشقا ۋاستە بولىدىغان نەرسىنىڭ ئۆزىمۇ پەرزدۇر»، خۇددى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت پەرز بولغاندەك. شۇڭا، ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ئۆگىنىش ئەڭ زۆرۈر پەرزلەردىن بىرىدۇر. چۈنكى، ئۇ زاتنى ئوبدان تونۇماي تۇرۇپ دىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ،

[2] سۈرە ئال ئىمران، 31 ـ ئايەت.

دىنىنى بىلمەي تۇرۇپ ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا ئىبادەت قىلغىلى بولمايدۇ، ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا ئىبادەت قىلماي تۇرۇپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا، ئىشىنىڭ بېشى بىزگە بۇ ئۇلۇغ دىننى ئېلىپ كەلگەن ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ ئەخلاقىنى ئۆگىنىشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ئۆگەنگەن ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ مۇسۇلماندارچىلىقىغا كېرەكلىك بولغان ئۆلگىلىك ئىشلارنى تاپالايدۇ. مەسىلەن، بىر مۇئەللىم ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان بولۇشنى ئۆگىنەلەيدۇ؛ بىر خوجايىن ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن ئادالەت، ئىنساپ ۋە كەمتەرلىكنى ئۆگىنەلەيدۇ؛ بىر ئالىم ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن بىلگەنلىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يوللىرىنى ئۆگىنەلەيدۇ؛ بىر دەۋەتچى ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن ئىلمنى، ھېكمەتنى ۋە سەۋرچانلىقنى ئۆگىنەلەيدۇ؛ بىر ئاتا ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن پەرزەنتلىرىنى قانداق تەربىيەلەشنى، ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى، بىلىم سەۋىيەسى ۋە شارائىتىغا مۇناسىپ مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنەلەيدۇ؛ ئەر ـ ئاياللار ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن بىر ـ بىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنەلەيدۇ؛ قىسقىسى، باي ـ گاداي، ساق ـ كېسەل، مۇقىم ـ مۇساپىر، غالىب ـ مەغلۇپ ھەرقانداق ئادەم پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆلگىلىك ئىش ـ ئىزلىرىدىن ئىزدىگەننى تاپالايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبىرىمىزدە ئىنسانىيەت ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق گۈزەل ئەخلاق ۋە پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر! ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ قېتىمقى سانى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارغا ئايرىلغان بولۇپ، بۇ ژۇرنالغا يېزىلغانلار پەقەت دېڭىزدىن بىر تامچە مىسالدۇر. چۈنكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەر ساھەدىكى گۈزەل ئەخلاقىنى تولۇق بايان قىلىش ئوڭاي ئەمەس. شۇڭا، بىز بۇ ساندا بىرقانچە تەرەپتىن ئىزدىنىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىبادەت ئەخلاقى، سۆھبەت ئەخلاقى، دۆلەت باشقۇرۇش ئەخلاقى، ئۈممەتنى تەربىيەلەش ئەخلاقى قاتارلىق ماۋزۇلاردا توختالدۇق.

ھۆرمەت بىلەن:

«ئۆلىمالار» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى



# ئەخلاق ۋە ئەخلاقىمىز

دوتسېنت دوكتور ئالىمجان بۇغدا
شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى

«مەن گۈزەل ئەخلاقنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم».

— ھەدىس شەرىف

جانابى ئاللاھ ئىنساننى توغرا بىلەن خاتانى، ياخشى بىلەن يامانني، پاكىز بىلەن نىجىسنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ئالاھىدىلىك ھەم ساغلام تەبىئەت بىلەن ياراتقان. ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئۆز ئىرادىسى بىلەن ياخشىلىققا، توغرىغا ۋە پاكىزلىققا مايىل بولىدىغان؛ خاتالىق، يامانلىق ۋە پاسكىنىلىقتىن يىرگىنىدىغان ساغلام تەبىئەت، ياخشى خىسلەت ۋە قىممەتتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكلەرنى ئاتا قىلغان. ئىنسان بۇ خىسلەتلىرىنى قەدىرلەش ۋە ئۆزگە سىڭدۈرۈشكە تىرىشىش ئارقىلىق گۈزەل خۇي - مىجەزگە ھەمدە ياراتقۇچىسى بىلەن، پۈتكۈل ئىنسانىيەت بىلەن، بارلىق مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتلار بىلەن بولغان ئالاقە - مۇناسىۋەتلەردە ساغلام ۋە گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولالايدۇ.

جانابى ئاللاھ گۈزەل ئەخلاقنى ئىنسانلىقىمىزنىڭ خىسلىتى، زىننىتى ۋە ئالاھىدىلىكى قىلغان. ئۇنىڭ ئۈچۈن، گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئىنسان بەزى پەرىشتىلەردىنمۇ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولسا، ئەخلاقسىزلىق بىلەن ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئىسلام ئەخلاقى نوقۇل پەلسەپىۋى چۈشەنچە ياكى كۈلتۈر نامايەندىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسان يارىتىلغاندا ئۇنىڭ پىترىتى ۋە تەبىئىتىگە يەرلەشتۈرۈلگەن ئىلاھىي نۇر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مۇكاپات ياكى جازاسى بولغان ئىلاھىي پەرمان ۋە ئىلاھىي ۋەھيى بىلەن شەكىللەنگەن مۇئەييەن بىر ھاياتلىق پرىنسىپىدۇر. ئىسلام دىنىدا گۈزەل ئەخلاق مۇسۇلماننىڭ ئىمانىنىڭ مېۋىسى دەپ قارالغان بولۇپ، ئىمان، ئەمەل، ئىبادەت ۋە ئەخلاق بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان. كىشى ئۆزىنىڭ ئەقلى، ئىلمى

ۋە ئەركىن ئىرادىسى ئاساسىدا ئەخلاقىي پوزىتسىيەسى ۋە ھەرىكىتى بىلەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

ئىسلام ئەخلاقى ـ تەۋھىد، دۇرۇسلۇق، سەممىيەت، ئادالەت، ئىشەنچ، ئىپپەت ۋە مەرھەمەتكە ئوخشاش ساغلام پىترەت ۋە گۈزەل خىسلەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئىسلام بۇلارنى ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇشنىڭ ئۆلچىمى قىلغان. ئىسلام دىنى بۇنىڭ ئەكسىچە، شېرىك، يالغانچىلىق، رىياكارلىق، ئادالەتسىزلىك، خىيانەت ۋە زۇلۇم كەبى قەبىھ، ناچار ئىللەتلەرنى پۈتۈنلەي رەت قىلىدۇ ھەم قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. ئىسلام دىنى ئەخلاقسىز قىلمىشلاردىن ھايا قىلىشنى، كىشىلەردىن خىجىل بولۇشنى ئىماننىڭ بىرىمى دەپ قارايدۇ، يالغانچىلىق ۋە خىيانەتكارلىقلاردىن ئاگاھلاندۇرىدۇ، چۈنكى بۇ ئىشلار كىشىنىڭ ئىمانىنى ۋە دىنىنى يوقىتىدۇ.

ئىسلام دىنىدا ئەخلاق پرىنسىپلىرىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى قۇرئان ۋە سۈننەت بولۇپ، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئاساسلانغاندا ھەربىر پەيغەمبەر ئەخلاق ئۆلگىسى، نەمۇنىلىك كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىماتىغا قارىغاندا، پەيغەمبەرلەر پەقەت ئىنسانلارغا ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنى ئۆزلىرىنىڭ تۇغما ئالاھىدىلىكى ۋە ئادىمىي خىسلىتىنى ساقلاپ قېلىشى ھەمدە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئەخلاق ئابىدىلىرىدۇر. شۇڭا، پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخى ئىنسانىيەت تارىخىدا گۈزەل ئەخلاق بەرپا قىلىش؛ شېرىك، زۇلۇم، خۇراپاتلىق ۋە ئىستىبداتلىققا قارشى ۋەھدانىيەت، ئادالەت، ھەققانىيەت ۋە ھۆرلۈكنى ئومۇملاشتۇرۇش تارىخىدۇر. مەسىلەن:

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنى ئۇزۇن يىللار تەۋھىد ۋە ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئۆز قەۋمىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، ئائىلىسىنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ھېچقاچان ئىرادە ۋە غەيرىتىنى يوقاتمىغان. قۇرئان كەرىمگە ئاساسلانغاندا، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبلىغ ۋە دەۋىتى تەخمىنەن 950 يىل داۋاملاشقان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئۇ ئۆز قەۋمىنىڭ ئاللاھقا ئىشەنمەسلىكتىن ئىبارەت كۇپۇرلۇق، زۇلۇم، سەركەشلىك، ھەر تۈرلۈك ئەخلاقسىزلىق ۋە جاھالەتكە قارىتا چىدامچانلىقىنى، ئىرادىسىنى يوقاتماي، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان. نۇھ ئەلەيھىسسالام بۇ جەھەتتىن ھەقىقەتنى يەتكۈزۈش، تەتبىقلاش ۋە قوغداشتىكى سەۋرچانلىقنىڭ ۋە قەيسەرلىكنىڭ سىمۋولى بولغان.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

بۇتپەرەسلىك ۋە زۇلۇم ئەۋج ئالغان، ھاكىمىيەت تەرىپىدىن قوغدالغان بىر جەمئىيەتتە تەۋھىد ئېتىقادىنى قوغدىغان ھەمدە ئۆزى يالغۇز تەۋھىد ۋە ھەققانىيەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەن. ئۇ ئىماننى قوغداش ۋە تەۋھىد دىنى بولغان ئىسلامنى پۈتكۈل ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ھەم جەمئىيەتتىكى بۇتپەرەسلىك، شېرىك، زۇلۇم ۋە خۇراپاتلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلىگەن. ئۇ دەۋەتنى دەسلەپتە ئۆز ئائىلىسى ۋە تۇغقانلىرىنىڭ كىرىم مەنبەسى بولغان ھەيكەل ۋە بۇتلارنى چېقىش بىلەن باشلىغان. ئۇنىڭ ھەر تۈرلۈك ماددىي مەنپەئەتلەرنى، ئائىلە ۋە ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئەقىل ۋە ھېكمەت بىلەن ئاتا - ئانىسى ۋە مىللىتى ئېتىقاد قىلىۋاتقان بۇتپەرەسلىككە قارشى چىقىشى، ئۇلارنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئۇلار چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان بۇتلارنى ۋەيران قىلىشى ۋە خەلقنى ئەقلىنى ئىشلىتىشكە دەۋەت قىلىشى، ھەتتا ئۆلۈمدىنمۇ قورقماي زالىم نەمرۇدقا قارشى ھەقىقەتنى قوغدىشى ۋە ئوتقا تاشلىنىش خەۋپىگە قارىماي، ئاللاھقا بولغان ئىماندىكى ساداقەت ۋە سەممىيتى ھەمدە ئاللاھقا قەتئىي بويسۇنۇشتىن ئىبارەت جاسارىتى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىمان ۋە سەممىيەتنىڭ سىمۋولى بولغان.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى قۇرئاندا ئەڭ تەپسىلىي بايان قىلىنغان قىسسەلەردىن بىرى. ئۇ قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن قۇدۇققا تاشلىنىش، قۇللۇققا سېتىۋېتىلىش ۋە ناھەق زىندانغا تاشلىنىش قاتارلىق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئىزچىل ئەخلاقىنى ساقلاپ كەلگەن. قۇلى بولۇپ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان خوجايىنىنىڭ ئايالىنىڭ شەھۋانىي تەلىپىگە قارشى ئىپپىتىنى ۋە پاكلىقىنى ساقلاپ، خوجايىنىغا خىيانەت قىلمىغانلىقى؛ ۋەزىرلىك ماقامىغا ئېرىشىپ، پۈتۈن ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولغان ۋاقىتتىمۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان قېرىنداشلىرىنى كەچۈرگەنلىكى ئۇنىڭ شەرم - ھايا، ئىپپەت - نومۇس ۋە ئەپۇچانلىقتىن ئىبارەت ئەخلاقىي پەزىلىتىنىڭ مۇھىم كۆرسەتكۈچلىرىدۇر.

مۇسا ئەلەيھىسسالام كىچىكلىكىدىن ئېتىبارەن پىرئەۋننىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولغان ۋە شۇنچىۋالا سەلتەنەت ئىگىسى بولسىمۇ، ئاللاھقا بولغان ئىمانى ئۇنى ئادالەت ۋە ھەققانىيەتتە مۇستەھكەم تۇرۇشقا يېتەكلىگەن. مۇسا ئەلەيھىسسالام خۇدالىق دەۋاسى قىلغان مىسىر پادىشاھى پىرئەۋننىڭ زومىگەرلىكىگە ۋە زۇلمىغا قارشى ئۆز مىللىتىنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشى

بىلەن تونۇلغان. ئۇنىڭ ئىسرائىل خەلقىنى قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا قەۋمىنىڭ ناچار خاھىشلىرىغا قارشى سەۋر ۋە ھېكمەت بىلەن قىلغان كۈرىشى، ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ ئۆزىنىڭ ئېتىقاد ۋە ئىمانىنى قىممەت قاراشلىرىدىن ۋاز كەچمەسلىكتىن ئىبارەت مۇئمىنلىك خىسلىتى، ھەر خىل قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئادالەت ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن قىلغان كۈرىشى ئۇنى زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشنىڭ ۋە ئادالەتنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندۇرغان.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇزۇن مەزگىل كېسەللىك، ئائىلە ۋە پەرزەنت ھەسرىتى قاتارلىق ھەر خىل قىيىنچىلىقلار بىلەن سىنالغان. شۇنداقتىمۇ، ھەرگىز ئاللاھقا بولغان ساداقىتىنى يوقاتماي، سەۋرچانلىقنى ساقلىغان. بۇ جەھەتتىن ئەييۇب ئەلەيھىسسالام سەۋرچانلىق ۋە ئاللاھقا تايىنىشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك نەمۇنىلىرىدىن بىرى دەپ قارىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بىر ئۆمۈر پەرزەنت ھەسرىتى بىلەن سەۋر - تاقەتنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان بولسا، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمى ۋە خەلقىنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ئارقىلىق يەھۇدىي پوپلىرىنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىرقچىلىق، ھەسەتخورلۇق ۋە ھىيلە - مىكىرلىرىگە قارشى سەۋرچانلىق ۋە ھوشيارلىقنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان؛ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن رەت قىلىنىش ۋە ئۆلتۈرۈلۈشكىمۇ پىسەنت قىلماي، تەۋھىد ۋە ھەققانىيەتتىن ئەسلا ۋاز كەچمەي، قەيسەر ئىرادىنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان.

دېمەك، ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆز ۋاقتىدا، ئۆز جەمئىيىتىدە ئېتىقادىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي قاتارلىق ھەر خىل ساھەلەردە ئۆز رولىنى ئىنتايىن مۇكەممەل رەۋىشتە جارى قىلدۇرۇپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئەخلاق ئۈلگىسى بولغان.

ئىسلام ئېتىقادىغا ئاساسەن، پەيغەمبەرلىك زەنجىرى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن تاماملىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ھاياتىدا ئالدىنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنىڭ مۇكەممەل بىرىكمىسىنى كۆرىمىز. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ھەر دائىم پاك قەلب، ئاللاھقا بولغان سەممىي ئىمان، راستچىللىق، رەھىمدىللىك، ئەپۇچانلىق، ئاددىي - ساددىلىق، كەمتەرلىك ۋە ئادالەت قاتارلىق پەزىلەتلەر بىلەن مۇكەممەل ئۈلگە بولغان. مەككىدە ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن شۇنچە كۆپ زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، پۈرسەت كەلگەندە ئۇلاردىن ئۆچ ئالماستىن، دۈشمەنلىرىنى كەچۈرۈشى ھەممىدە مەدىنىدىكى

بارلىق پۇقرالارنىڭ مىللىتى ۋە دىنى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىززەت - شەرىپى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان ئادىل بىر جەمئىيەت بەرپا قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئەخلاقىنىڭ ئومۇمىي تەبىئىتىنى نامايان قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن گۈزەل ئەخلاقنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم» دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئەسلى ۋەزىپىسىنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىن مۇكەممەل بىر ئەخلاق ئابىدىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. شۇڭا، جانابى ئاللاھ ئۆزىگە ئىمان ئېيتقان بارلىق مۇسۇلمانلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە، ھەربىر ئىش - ھەرىكىتىدە ئۇنى ئۈلگە قىلىشقا بۇيرۇغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىكى: «(ئى پەيغەمبەر!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن»؛ «پەقەت ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىدىغان، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلىدىغان (ئىشىنىدىغان) ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھتا (يەنى ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىدە) سىلەرگە ياخشى ئۈلگە بار» دېگەن ئەمرى ئارقىلىق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولغان بارلىق مۇئمىن - مۇسۇلمانلارنى ئېتىقاد، ئىبادەت، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئائىلە ۋە ئىقتىسادىي مۇئامىلە، قىسقىسى، بارلىق ساھەدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆرنەك قىلىشقا چاقىرغان. شۇڭا، ئىسلام دىنىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئۈلگىسى دەپ قارىلىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارغا پەقەت ئىلاھىي ۋەھىينى يەتكۈزىدىغان بىر ئەلچى بولۇپلا قالماي، ھەربىر ۋەھىينى ھەم سۆزى، ھەم ئەمەلىي ھەرىكىتى ۋە تەتبىقاتى ئارقىلىق ئىنسانلارغا يەتكۈزگۈچى بىر پەيغەمبەر ۋە بىر ئەخلاق نەمۇنىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىلاھىي ۋەھىينىڭ 23 يىل داۋام قىلىشىدىكى ھېكمەت ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا ۋەھىينىڭ بىرىنچى ئوبيېكتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرىنى تەتبىقلاپ، ئۈممىتىگە ئەمەلىي ئۈلگە بولۇشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ كىشىلىك خاراكتېرى، پاكىزلىقى ۋە لاتاپىتى، ياراتقۇچىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئائىلە ۋە پەرزەنتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، قوشنىدارچىلىق ۋە ھەقەمسايىلىق مۇناسىۋىتى، باشقا ئىنسانلار بىلەن بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مۇناسىۋەتلىرى، قىسقىسى، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە

ئالاقىدار ھەربىر سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتە ئەڭ گۈزەل ئۆرنەك بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگە ئەگەشكەن ساھابىلىرىگە ھەر ساھەدە ئۆرنەك بولغان ھەم ئۇلارنى ئۆزىنىڭ كۆزى ئالدىدا ئەڭ گۈزەل ئەخلاق تەربىيەسى بىلەن يېتىشتۈرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ساھابە كىراملاردىن ھەربىرى ئۆزى ياشىغان مۇھىت ۋە جەمئىيەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلغان ئاساستا، ئەڭ گۈزەل ئەخلاق ئابىدىسى بولۇشقا تىرىشىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مۇكەممەل ئۈلگە يارىتىپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەخلاقىي نەمۇنىلىكى ھەر ئەسىردە ياشىغان مۇجتەھىدلەر، ئۆلىمالار، ئەدىبلەر، تەسەۋۋۇپچىلار، پەيلاسوپلار، تىجارەتچىلەر، زىرائەتچىلەر ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كەسىپ ئىگىلىرى بولغان تەقۋادار مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، قانچىلىغان ئەسىرلەر مابەينىدە پۈتۈن مۇسۇلمان جەمئىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەخلاقى ئۇلارنىڭ يەككە ۋە كوللېكتىپ ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسىغا ئايلانغان.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى، جۈملىدىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي ئۆتمۈشى ۋە جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا شەكىللەنگەن دىن، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەنئەنىسىنى، مجەز ـ خۇلقلىرىنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش بىلەن پاك ئىسلام دىنىغا ۋە ئىسلام ئەخلاقىغا ماس ھالەتكە كەلتۈرگەن؛ يەنى ئۇيغۇرلار شېرىك ۋە باتىل دىنىنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھ رازى بولغان، پاك ھەم ئەڭ ساغلام ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان؛ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا، ئىسلامىي تۈسكە كىرگۈزۈپ، شۇ بويىچە ئۆزلەشتۈرگەن. بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە، ئەھمەد يۈكنەكىينىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقائىق» ناملىق ئەسىرىدە، تەجەللى ھەزرىتىم، ئابدۇقادىر داموللام ۋە ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم قاتارلىق ئۇستازلىرىمىزنىڭ ھاياتىدا بۇ ھەقىقەتنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەجدادىمىزدىن بىزگىچە كەلگەن ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەنئەنىمىز، خەلقىمىزنىڭ گۈزەل خىسلەتلىرىنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلغان ئىسلام ئەخلاقى ۋە پەزىلىتىدۇر.

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەت ئەخلاقى



مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت

بۇ ماقالىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرىدىكى ئەخلاقى ئىشەنچلىك مەنبەلەرگە تايانغان ئاساستا، ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنىپ، ئەخلاقنىڭ قانداقتۇر ئەمەل قىلىنىسىمۇ، قىلىنمىسىمۇ بولىدىغان قوشۇمچە ئىش ئەمەس، بەلكى ئىبادەتنىڭ ئەسلىي مەقسەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرى قەلب ئەمەللىرى بىلەن بەدەن ئەمەللىرى مۇجەسسەملەنگەن، تەسىرى شەخسلەردە ۋە جەمئىيەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بىر پۈتۈن مەنىۋى جەھەتتىن پاكلىنىش ۋە ئاقارتىش خىزمەتلىرىنىڭ بىر تۈرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرىدىكى ئەخلاقنى مەنىۋى تەربىيە ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. شۇڭا، بۈگۈنكىدەك ئىسلام ئەخلاقى تەرەپ ـ تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقان زاماندا بۇ ئاڭنى دەۋەت ۋە تەلىم ـ تەربىيە ساھەلىرىدە يېڭىدىن جانلاندۇرۇش زۆرۈر خىزمەتلەردىن بىرى دەپ قارىلىشى كېرەك.

## مۇقەددىمە

ئەخلاق ـ ئىسلام دىنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئومۇملاشتۇرۇشنى نىشان قىلغان ئەڭ ئۇلۇغ قىممەت قاراشلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇ دىنىنىڭ قۇرۇلمىسىدا مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەخلاق ئىسلامدا ئىبادەتلەردىن ئايرىم بىر ئامىل ئەمەس، بەلكى ئىبادەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان ۋە شەرىئەتتە ئانا مەقسەتلەر قاتارىغا قويۇلغان، ئالىي نىشاندۇر. بۇنىڭ ئەڭ روشەن دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەقىقەتەن مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم»[1] دېگەن سۆزىدۇر. بۇ سۆزدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەخلاقنى تاكامۇللاشتۇرۇشنى پەيغەمبەرلىكنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆزى ئەڭ گۈزەل ئۈلگە

[1] مۇسنەدى ئەھمەد، 9074 ـ ھەدىس.

بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ مەڭگۈلۈك مەدھىيەسىگە سازاۋەر بولغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد! سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن»[2].

ھالبۇكى، نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ رېئال ھاياتىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئىبادەتنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئىجرائاتى بىلەن ئەخلاقى ۋە ئەخلاقنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدىكى تەسىرى ئارىسىغا بىر خىل كۆرۈنمەس پاسىل چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، بەزىلەر ناماز ئوقۇسىمۇ زىنا - پاھىشە ۋە يامان ئىشلاردىن يانمايدىغان؛ روزا تۇتسىمۇ، سەۋرچانلىق ۋە مۇلايىملىق يېتىلمەيدىغان؛ زاكات بەرسىمۇ، ھارام پۇل تېپىشتىن ۋە كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشتىن يانمايدىغان؛ ھەجگە بېرىپ كېلىپمۇ، ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. دېمەككى، ئىبادەتتىن كۆزلەنگەن غايە - مەقسەتلەر ئىشقا ئاشمايۋاتىدۇ. بۇ خىل كەمتۈكلۈك شەرىئەتنىڭ قۇسۇرى ئەمەس، بەلكى ئىبادەت ئۇقۇمىنى لايىقىدا چۈشىنەلمىگەنلىك ۋە سەل قارىغانلىقتىن كېلىپ چىققان. شۇ ۋەجىدىن، بۇ مەسىلە ھەققىدە مۇشۇ نۇقتىدىن ئىزدىنىش ھەقىقەتەن ئەھمىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماقالىدە ئىبادەتلەرنى پەقەت فىقھىي ھۆكۈملەر ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن ئەخلاقىي تەربىيە سىستېمىسى دەپ قاراپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىي نىشان قىلىندۇ.

## ئىسلامدىكى ئەخلاق ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ شەرئىي ئاساسلىرى

### بىرىنچى: ئەخلاقنىڭ مەنىسى

ئەخلاق - «خۇلۇق» سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئىنساننىڭ تەبىئىتى ۋە خۇيى - مىجەزىنى بىلدۈرىدۇ. ئىمام غەززالىي رەھىمەھۇللاھ ئەخلاققا مۇنداق ئېنىقلىما بەرگەن: «ئەخلاق ئىنسان روھىدا تۇراقلاشقان، گۈزەل ئىش - ھەرىكەتلەر ئۆزلۈكىدىن سادىر بولىدىغان روھىي ھالەتتۇر»[3].

### ئىككىنچى: ئەخلاقنىڭ شەرئىي ئاساسلىرى

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ئەخلاقنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، ئۇنى ئىمانغا بىۋاسىتە باغلىغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈپ قويۇشۇڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش،

[2] سۈرە قەلەم، 4 - ئايەت.

[3] ئىھيائۇل ئۇلۇمىددىن، 3 - جىلد، 52 - بەت.

ئاللاھنى سۆيۈش يۇزىسىدىن خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبن سەبىللەرگە (يەنى پۇل - مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە پۇل - مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇقتا، كېسەللىكتە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرىش قاتارلىقلار ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر»[4].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بىر قاتار ئەخلاقىي سۈپەتلەرنى تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇ ھەقىقىي ئىماننىڭ كىشىنىڭ شەخسىي ئەخلاقى ۋە جەمئىيەت ئىسلاھاتىدا مېۋە بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنلەر ئىچىدە ئىمانى ئەڭ كامىل كىشى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغان كىشىدۇر»[5]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى بىلەن گۈزەل ئەخلاقنى ئىماننىڭ مۇكەممەللىكىنى ئۆلچەيدىغان مىزان قىلغان.

ئۈچىنچى: ئەخلاق بىلەن ئىبادەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت

ئىسلامدا ئەخلاق ئىبادەتتىن ئايرىلغان ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىبادەتنىڭ مېۋىسى ۋە مەقسەتلىرىدىن بىرىدۇر. ئىبنى قەييىم جەۋزىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «دىنىنىڭ ھەممىسى ئەخلاقتۇر. كىمكى ئەخلاقتا سەندىن ئېشىپ كەتسە، دىندا ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ»[6]. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ھەرقانداق ئىبادەت ئەگەر دۇرۇس ئەخلاق بەرپا قىلالمىسا، ئۇ ئىبادەت شەكىل جەھەتتىن ئادا قىلىنغان بولسىمۇ، تەسىر جەھەتتىن كەمتۈك بولۇپ، مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ.

## ئىبادەت ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقنى تۈزەشتىكى رولى

بىرىنچى: ئىبادەت دېگەن نېمە؟

ئىبادەت ئۇقۇمىغا بىرقانچە خىل ئېنىقلىما بېرىلگەن بولسىمۇ، ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللاھنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئېنىقلىمىسى بىر قەدەر ئەتراپلىقراق ھەم قايىل قىلارلىقراقتۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىبادەت – قەلب، تىل ۋە باشقا ئەزالار بىلەن ئادا قىلىنىدىغان، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان بارلىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئەمەللەرنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر»[7]. بۇ ئېنىقلىما شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىبادەت – سەممىيەت (ئىخلاس)، ساداقەت

[4] سۈرە بەقەرە، 177 – ئايەت.
[5] سۈنەن تىرمىزىي، 1112 – ھەدىس.

[6] مەدارىجۇس سالىكىن، 2 - جىلد، 294 - بەت.
[7] ئەلئۇبۇدىييە، 38 – بەت.

ۋە سەۋر - تاقەت قاتارلىق قەلب ئەمەللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ جەۋھىرى دەل ئەخلاقتۇر.

### ئىككىنچى: ئىبادەتلەرنىڭ ئەخلاقنى تۈزەشتىكى رولى

قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىسلەردە نۇرغۇن ئىبادەتلەرنىڭ ئەخلاقنى تۈزەشتىكى رولى ئېنىق بايان قىلىنغان. مەسىلەن، ئاللاھ تائالا نامازنىڭ رولى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ناماز پاھىشە ۋە يامان ئىشلاردىن توسىدۇ»[8]. روزىنىڭ مەقسەتلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «روزا سىلەرگە تەقۋادار بولۇشۇڭلار ئۈچۈن پەرز قىلىندى»[9]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا تۇتقۇچىلارغا مۇنداق تەۋسىيە قىلغان: «سىلەردىن ھەركىم روزا تۇتقان بولسا، يامان سۆز قىلمىسۇن، ۋارقىراپ - جارقىرىمىسۇن؛ ئەگەر بىرى ئۇنى تىللىسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشسا، ‹مەن روزىدارمەن› دېسۇن»[10].

ئاللاھ تائالا زاكاتنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى كۆپەيتكەيسەن»[11]. ئاللاھ تائالا ھەج قىلىش جەريانىدا چەكلىنىدىغان ئىشلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەج ۋاقتى مەلۇم بىرقانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئۇن كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ»[12].

بۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئىبادەتنىڭ نەپسىنى پاكلاش ۋە ئەخلاقنى تۈزەشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى ئىبادەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلار ئىچىدە ئاللاھقا ئەڭ كۆپ ئىبادەت قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭدىن ئەڭ كۆپ قورققۇچى زات ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ ئاشقۇنلۇق ۋە ئۇرۇنسىز چىڭىتىۋېلىشتىن ئەڭ يىراق كىشى ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «... ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھەممىڭلاردىن بەكرەك ئاللاھتىن قورقىدىغان ۋە ئەڭ تەقۋادار كىشىمەن. لېكىن، مەن بەزى

[8] سۈرە ئەنكەبۇت، 45 - ئايەت.
[9] سۈرە بەقەرە، 183 - ئايەت.
[10] سەھىھ بۇخارىي، 1904 - ھەدىس.
[11] سۈرە تەۋبە، 103 - ئايەت.
[12] سۈرە بەقەرە، 197 - ئايەت.

كۈنلىرى روزا تۇتىمەن، يەنە بەزى كۈنلىرى روزا تۇتمايمەن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ناماز ئوقۇيمەن، يەنە بىر قىسمىدا ئۇخلايمەن، ئاياللارنى نىكاھىمغا ئالىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مەندىن (يەنى مەن تۇتۇپ ماڭغان يولدا) ئەمەس»[13]. بۇ ھەدىس ئىبادەتنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم بىر قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئىنساننىڭ تەن ۋە روھقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشىدىن ئىبارەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتى تۆۋەندىكىلەردە بەكرەك گەۋدىلەنگەن:

- داۋاملىق زىكىر ـ تەسبىھ ئېيتىش؛
- كېچىلىرى كۆپ نامازدا تۇرۇش؛
- ئاللاھتىن قورقۇش تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى؛
- كىشىلەرگە رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش ۋە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلب ئىبادەتلىرىدىكى ئەخلاقى

قەلبىي ئىبادەتلەر بارلىق بەدەن ئىبادەتلىرىنىڭ ئاساسىدۇر، چۈنكى قەلبنىڭ ھازىرلىقى ۋە دۇرۇسلۇقىدىن خالىي ھەرقانداق ئىبادەتنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىڭلارغا ۋە بەدەنلىرىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى قەلبلىرىڭلارغا ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ»[14]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەلب ئىبادەتلىرىدە ئەڭ مۇكەممەل سەۋىيەگە يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبىي ئىبادەت ئەخلاقى بارلىق بەدەن ئىبادەتلىرىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە ھەمدە پۈتۈن ئىنسانلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەخلاق مەنبەسىگە ئايلانغان.

بىرىنچى: ئىخلاس ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەت ئەخلاقىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

1. ئىخلاس ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ شەرىئەتتىكى ئورنى

«ئىخلاس» سۆزلۈك جەھەتتىن «خۇلۇس» سۆزىدىن ئېلىنغان بولۇپ، «كىر ۋە داغلاردىن پاكىزلاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شەرىئەت ئىستېمالدا بولسا «ئەمەلنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىدىن باشقا بارلىق غەرەزلەردىن خالىي قىلىش»تۇر. ئىسلام دىنى ئىخلاسنى ئىبادەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى ۋە قوبۇل قىلىنىشىنىڭ شەرتى قىلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار پەقەت ئاللاھقا دىننى (شېرىكتىن) خالىي قىلغان ھالدا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى»[15]. پەيغەمبەر

[13] سەھىھ بۇخارىي، 5063 ـ ھەدىس.

[14] سەھىھ مۇسلىم، 2564 ـ ھەدىس.

[15] سۈرە بەييىنە، 5 ـ ئايەت.

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەر پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر، ھەر كىشى نىيىتىگە يارىشا نەتىجىگە ئېرىشىدۇ»[16]. ئالىملار بۇ ھەدىسنى دىننىڭ ئەڭ چوڭ ئاساس ۋە قائىدە دەپ ھېسابلىغان.

### 2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتىدە ئىخلاسىنىڭ نامايان بولۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىخلاسى قۇرۇق دەۋا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ئىخلاس بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا، جۈملىدىن تۆۋەندىكىلەردە گەۋدىلەنگەن:

1) مەخپىي ئىبادەتلەرگە ھېرىسمەن بولۇش: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىلىرى ئۇزۇن ناماز ئوقۇيتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىلىرى قىيامدا بەك ئۇزۇن تۇرغانلىقتىن پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى»[17].

2) نىيەتلەرنى تۈزەش ۋە ئۈممەتكە تەلىم بېرىش: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت ئۆز نىيىتىنى خالىس قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ساھابىلىرىنىمۇ شۇنداق روھتا تەربىيىلىگەن. ئۇ داۋاملىق رىياخورلۇقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيتتى: «مەن سىلەر ئۈچۈن ئەڭ قورقىدىغان ئىش كىچىك شېرىكتۇر». ساھابىلەر:

— ئى رەسۇلۇللاھ! كىچىك شېرىك دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىغاندا، ئۇ: «رىياخورلۇقتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن[18].

### 3. ئىخلاسنىڭ ئەخلاققا كۆرسەتكەن تەسىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىخلاسى كەمتەرلىك، مەدھىيە تەمەسىدە بولماسلىق، كىشىلەرنىڭ باھاسىغا قارىماستىن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، قەلب بىلەن تاشقى ئەمەلنىڭ بىردەك بولۇشى قاتارلىق ئۇلۇغۋار ئەخلاقلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىخلاس بەندىچىلىكنىڭ سىرىدۇر، ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ پەرقى دەل مۇشۇنىڭ بىلەن ئايرىلىدۇ»[19].

## ئىككىنچى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتىدىكى خۇشۇ (ئاللاھتىن ئەيمىنىش) ۋە مۇراقەبە (داۋاملىق ئاللاھنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولۇش ئېڭى)

### 1. خۇشۇنىڭ ماھىيىتى ۋە ئەھمىيىتى

خۇشۇ — قەلبتىكى ئاللاھتىن ئەيمىنىش ۋە دىلنىڭ سۇنۇقلۇق ھالىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى بەدەن ئەزالىرىدا كۆرۈلىدۇ. ئاللاھ تائالا خۇشۇنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ بىرىنچى سۈپىتى ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق

[16] سەھىھ بۇخارىي، 1 ـ ھەدىس.
[17] سەھىھ بۇخارىي، 1130 ـ ھەدىس.
[18] مۇسنەدى ئەھمەد، 21356 ـ ھەدىس.
[19] جامىئۇل ئۇلۇم ۋەلھىكەم، 213 ـ بەت.

دېگەن: «مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى (شۇنداق مۆئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر»[20].

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتىدە خۇشۇنىڭ نامايەندىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا تۇرغاندا ئىنتايىن خۇشۇ بىلەن تۇراتتى، روھىي ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولاتتى، قىرائەت قىلغاندا ئاۋازى بەزى پەسىيىپ، بەدەن ـ ئەزالىرى بوشىشىپ كېتەتتى؛ بەزى كېچىلىرى قىيامدا تۇرغاندا ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلىغانلىقتىن، كۆكرىكىدىن قازان قاينىغاندەك بىر خىل ئاۋاز ئاڭلىناتتى؛ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىدە ئاللاھقا يالۋۇرۇپ: «ئى ئاللاھ، ئى رەببىمىز! سېنى پاك دەپ بىلىمەن، ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن؛ ئى ئاللاھ، مېنى مەغپىرەت قىلغىن!» دەيتتى[21].

3. داۋاملىق ئاللاھنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولۇش ئېڭى (مۇراقەبە)

مۇراقەبە ـ بەندىنىڭ ھەر دائىم ئاللاھنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇش ئىبارەت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېھساننى تونۇشتۇرۇپ: «ئېھسان ـ ئاللاھقا گوياكى ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر. چۈنكى، سەن ئۇنى كۆرەلمەيدىغان بولساڭمۇ، ئۇ چوقۇم سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»[22] دەپ سۈپەتلەش ئارقىلىق، بۇ مەنىنى ئەڭ روشەن ۋە مۇكەممەل ئىزاھلىغان. مۇراقەبە ھالىتىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن كىشىنىڭ گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكىتى ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن ھالەتتە بولىدۇ.

ئۈچىنچى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتىدىكى سەۋرچانلىق

1. سەۋرچانلىق ـ ھەم قەلبىي، ھەم ئەخلاقىي ئىبادەت

سەۋرچانلىق ـ پاسسىپ چىدامچانلىق ئەمەس، بەلكى قەتئىي ئىرادىلىك بولۇش، تەۋرەنمەسلىك ۋە ئىستىقامەتنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئاكتىپ ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالا نۇرغۇن ئورۇنلاردا سەۋر قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆئمىنلەر! سەۋرچانلىق ۋە ناماز بىلەن (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار»[23].

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتىدىكى سەۋرچانلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقانداق ئىبادەتتە سەۋرچان ئىدى، نەپلە نامازلىرىدا ئۇزۇن تۇراتتى، زىكىر ـ تەسبىھنى كۆپ ئېيتاتتى، كېچىلىرى ئۇيقۇسىدىن ۋاز كېچىپ قىيامدا تۇراتتى، دۇئا قىلاتتى، قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى، دەۋەت يولىدا يولۇققان

[20] سۈرە مۆئمىنۇن، 1 ـ 2 ـ ئايەتلەر.
[21] سەھىھ بۇخارىي، 794 ـ ھەدىس.
[22] سەھىھ مۇسلىم، 8 ـ ھەدىس.
[23] سۈرە بەقەرە، 153 ـ ئايەت.

جاپالارغا سەۋر قىلاتتى، مەيلى مۇقىم تۇرغان چاغلىرى بولسۇن ياكى سەپەردە بولسۇن، نەپلە ئىبادەتنىمۇ قولدىن بەرمەيتتى، مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلاتتى، ھەر زامان ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئوقۇيتتى، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا شۈكۈر قىلاتتى، يولىدىن قەتئىي ۋاز كەچمەيتتى.

3. سەۋرچانلىقنىڭ ئەخلاقتا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

سەۋرچانلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە روشەن نامايان بولاتتى. ئۇ زات ئىنتايىن سالماق، تەمكىن، مۇلايىم، قانائەتچان، ئەپۇچان، ئىرادىلىك، قەيسەر، غەيرەتلىك ئىدى، قىيىنچىلىققا تىز پۈكمەيتتى، تەۋرەنمەس روھقا ئىگە ئىدى. سەۋرچانلىق ئەخلاقى بىلەن زىننەتلەنگەن ھەر كىشى ئەنە شۇنداق گۈزەل خىسلەتلەرگە ئىگە بولىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىسمانىي ئىبادەتلەردىكى ئەخلاقى

جىسمانىي ئىبادەتلەر دىندارلىقنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك نامايەندىسى بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر كۆرەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئالالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جىسمانىي ئىبادەتلەرنىڭ نەپسنى تەربىيىلەش ۋە گۈزەل ئەخلاق بەرپا قىلىشتا ئالاھىدە رولى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ غايىنى گەۋدىلەندۇرۇشتە ئەڭ مۇكەممەل ئۆلگە بولغان، ئۇنىڭ جىسمانىي ئىبادەتلىرىدە شەرئىي ئەمەللەرنىڭ مۇكەممەل ئىجرا قىلىنىشى بىلەن ئىنسانىي ئەخلاقنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىبادىتى ئەمەلىي ئەخلاق ئۆگىتىدىغان مەدرىسەگە ئايلانغان.

بىرىنچى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازدىكى ئەخلاقى

ناماز ــ جىسمانىي ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىدۇر. ئاللاھ تائالا نامازنى بەندە بىلەن رەببى ئارىسىدىكى بىۋاسىتە ئالاقە، نەپسنى پاكلاش ۋە ئىش ـ ھەرىكەتنى تۈزەشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلغىن، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ»[24]. بۇ ئايەت نامازنىڭ نەپسنى ناچار ئىللەتلەردىن توسىدىغانلىقىنى ۋە گۈزەل خىسلەتلەرنى مۇستەھكەملەيدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ.

ناماز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك ئىبادەت ئىدى. ئۇ: «ناماز مېنىڭ كۆزۈمنىڭ نۇرى قىلىندى»[25] دېگەن. پەيغەمبەر

[24] سۈرە ئەنكەبۇت، 45 ـ ئايەت.

[25] سۈنەنى نەسائىي، 3939 ـ ھەدىس.

ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازدىكى خۇشۇئى پەقەت قۇرۇق ھېسسىي ھالەت بولماستىن، بەلكى دۇرۇس ئىش - ھەرىكەتكە رىغبەتلەندۈرىدىغان گۈزەل ئەمەل ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تولۇق خۇشۇ ماقامىغا يەتكەن بولۇپ، نامازنىڭ ھەربىر رۇكنىدا ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى قەلبىدە ھازىر قىلىش، ئايەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلغان ھالدا ئۇزۇن ۋاقىت قىيامدا تۇرۇش، كۆپ دۇئا ۋە ئىستىغفار ئېيتىش قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئىبادىتىدىن خالىي بولمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازدىكى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ھەتتا نامازنى ئادا قىلىۋاتقاندىمۇ كىشىلەرگە رەھىم - شەپقەتلىك قىلىشىدۇر. ئۇ مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن ھەرقاندىقىڭلار جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغاندا يەڭگىل ئوقۇسۇن؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاجىزلار، كېسەللەر ۋە ھاجەتمەنلەر بار»[26]. ھەتتا ئۇنىڭ رەھىم - شەپقىتى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ناماز جەريانىدا بىرەر بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالسا، ئانىسىنىڭ بىئارام بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ نامازنى يەڭگىل ئوقۇيتتى[27]. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، كىشىلەرنىڭ تۇيغۇسىغا ۋە ئېھتىياجىغا ئەھمىيەت بېرىش ئىبادەتنىڭ كامالىتىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئىبادەتنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. نامازدىكى خۇشۇ ۋە ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەر ۋاقىت ۋە ھەر جايدا ئىنتايىن كەمتەر قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ يەردە ئولتۇراتتى، بورا ئۈستىدە ناماز ئوقۇيتتى، ئۆزىنى ساھابىلىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان ئالاھىدە كىيىم كىيمەيتتى ياكى ئالاھىدە ئورۇندا ئولتۇرمايتتى. ئۇنىڭ كەمتەرلىكى ھاياتىنىڭ ھەر ساھەسىدە ئەكس ئەتكەنىدى.

## ئىككىنچى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىدىكى ئەخلاقى

روزا — ئىرادىنى كۈچەيتىش، شەھۋەتلەرنى تىزگىنلەش ۋە تەقۋادارلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغانلىقى سەۋەبلىك، ئەخلاقىي تەربىيە ئىنتايىن روشەن بىر ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرنىڭ تەقۋا بولۇشۇڭلار ئۈچۈن روزا تۇتۇش سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە پەرز قىلىنغانىدەك، سىلەرگىمۇ پەرز قىلىندى»[28].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپ روزا تۇتاتتى، ھەتتا كىشىلەر ئۇنى «روزا تۇتمايدىغان كۈنى بولمىسا كېرەك» دەپ قالاتتى؛ يەنە بەزىدە تۇتمايتتى، ھەتتا كىشىلەر ئۇنى «روزا تۇتمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ قالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە

[26] سەھىھ بۇخارىي، 703 - ھەدىس.
[27] سەھىھ بۇخارىي، 707 - ھەدىس.
[28] سۈرە بەقەرە، 183 - ئايەت

بەزىدە ئىپتار قىلماي، ئۇلاپ روزا تۇتاتتى، ئەمما كىشىلەرنى قىيناپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنداق قىلىشتىن چەكلىگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزىنى بىۋاستە ئەخلاققا باغلاپ مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىرىڭلار روزا تۇتقان كۈنى بولسا، يامان سۆز قىلمىسۇن، ۋارقىراپ - جارقىرىمىسۇن؛ ئەگەر بىرى ئۇنى تىللىسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشسا: ‹مەن روزىدارمەن› دېسۇن»[29].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەخلاقلارنى ئۆز ھاياتىغا سىڭدۈرگەن بولۇپ، ئۇ زات ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ مۇلايىم، يامان سۆزلەردىن ئەڭ يىراق كىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ناھايىتى سېخىي بولۇپ، رامىزاندا تېخىمۇ سېخىي بولۇپ كېتەتتى. دېمەككى، روزا كىشىنىڭ قەلبىدە كەمبەغەللەرگە قارىتا ھېسداشلىق تۇيغۇسى يېتىلدۈرىدۇ؛ مال - دۇنياسىنى كۆپرەك سەرپ قىلىشقا، باشقىلارغا تېخىمۇ كۆپ ياخشىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەج ئەخلاقى

ھەج ـ ھەر خىل ئىرق ۋە تىللاردىكى مۇسۇلمانلارنى بىر يەرگە جەم قىلىدىغان ئىبادەت بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا باراۋەرلىك، ئىنتىزام، ھەمكارلىق، تونۇشۇش ۋە ئەپۇچانلىق قاتارلىق قىممەت قاراشلارنى مۇستەھكەملەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئۆزلىرىگە تېگىشلىك مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن»[30]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە ئاددىيغىنا بىر تۆگە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ: «ئى ئاللاھ! بۇ ئىبادىتىمىزنى رىياخورلۇق ۋە شۆھرەتپەرەسلىكتىن خالىي ھەج قىلغىن» دەپ دۇئا قىلغان[31]. ئۇ ئۈممەتنىڭ رەھبىرى تۇرۇقلۇق، ھېچقانداق سالاپەت ياكى ئۈستۈنلۈك قىياپىتىنى نامايان قىلمىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج قىلغۇچىلارغا ئىنتايىن مۇلايىم ئىدى، ئۇلارغا ھەج ئىبادەتلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن ئۆگىتىپ: «ھەج ئىبادەتلىرىنى مەندىن ئۆگىنىۋېلىڭلار»[32] دەيتتى. ئۇ قوپال ياكى تەكەببۇر ئەمەس، بەلكى كىشىلەرگە يېقىن ئىدى، ئاجىزلارغا كۆڭۈل بۆلەتتى، نادانلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ: «ھەج ۋاقتى مەلۇم بىرقانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ

[29] سەھىھ بۇخارىي، 1904 ـ ھەدىس.

[30] سۈرە ھەج، 28 ـ ئايەت.

[31] ئىبنى ماجە، 2890 ـ ھەدىس.

[32] سەھىھ مۇسلىم، 1297 ـ ھەدىس

قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىندۇ»[33] دېگەن سۆزىگە ئاۋۋال ئۆزى ئەمەل قىلىپ، ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئايەتكە ئەمەل قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلغان.

بۇنىڭدىن ئايان بولدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى جىسمانىي ئىبادەتلەر پەقەت بەدەن ئارقىلىقلا قىلىنىدىغان ئىبادەت ئەمەس، بەلكى رەھىم - شەپقەت، كەمتەرلىك، سەۋرچانلىق، ئۆزىنى تىزگىنلەش، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئىللىق مۇئامىلە قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەخلاق قۇرۇلۇشىدۇر. ئۇ ناماز، روزا ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش بىلەن ئۇنىڭ ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئۈلگىسىنى يارىتىپ بەرگەن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىقتىسادىي ئىبادەتلەردىكى ئەخلاقى

ئىقتىسادىي ئىبادەتلەر پۈتۈن ئىبادەتلەر ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ دائىرىسى شەخستىن جەمئىيەتكە قاراپ كېڭىيىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئەخلاقىي تەسىرى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە، جەمئىيەت تۈزۈمىدە، ئادالەت ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىق قاتارلىقلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كۆرۈلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكات ۋە سەدىقە ئىشلىرىدا ئەڭ ئالىي ئەخلاقىي قىممەتلەرنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئىبادەتلىرى ۋە بۇ جەھەتتە كۆرسەتكەن يوليورۇقلىرى مۇسۇلمانلاردا رەھىم - شەپقەت، ئادالەت، پىداكارلىق، ھەمكارلىق ۋە قېرىنداشلىق قاتارلىق قىممەت قاراشلارنى يېتىلدۈرۈشتە ئەمەلىي بىر مەكتەپكە ئايلانغانىدى.

زاكات نەپسنى بېخىللىقتىن پاكلاش، جەمئىيەتنى كەمبەغەللىكتىن ۋە تەبىقىلەر ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان چوڭقۇر ئەخلاقىي تەربىيى بار بولغان ئىبادەتتۇر. قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ غايىلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە (زاكات) ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن»[34]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكات ئىشلىرىدا يۈكسەك ئادالەت ۋە مۇتلەق ئامانەتدارلىق بىلەن تونۇلغانىدى، بۇ ئىشلاردا تەرەپبازلىق قىلىشنى ياكى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايتتى. ئۇ زاكات خادىملىرىنى خىيانەت قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «بىز بىرەر كىشىنى

[33] سۈرە بەقەرە، 197 ـ ئايەت.

[34] سۈرە تەۋبە، 60 ـ ئايەت.

بىر ئىشقا تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا تەمىنات (مائاش) بەلگىلەپ بەرگەن بولساق، ئۇ كىشىنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ئالغان نەرسىسى خىيانەتتۇر»[35].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكاتنى ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئەمەل قىلغان ھالدا سەرپ قىلاتتى: «زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، ئىبن سەبىللەر (ئىقتىسادىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىر) گە بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[36]. بۇ ئايەت ئىجتىمائىي ئادالەت قارىشىنى بىر ئىبادەت ئەخلاقى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زاكاتتىكى ئەڭ بۈيۈك ئەخلاقىدىن بىرى كەمبەغەللەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى زېدىلىمەسلىك ئىدى. ئۇ كەمبەغەللەرگە يۇقىرىدىن قاراش ياكى مىننەت قىلىش ئۇسۇلىدا مۇئامىلە قىلمايتتى، بەلكى زاكاتنى ئۇلارنىڭ مالدىكى ھەققى دەپ بىلەتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغىمۇ، تىلىمەيدىغان پېقىرغىمۇ مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكات) بېرىدۇ»[37].

سەدىقە ئىختىيارىي قىلىنىدىغان ئىبادەت بولۇپ، ئۇ ئىبادەت ئەخلاقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىنى نامايان قىلىدۇ، چۈنكى سەدىقە قىلغان كىشى پەرز زاكاتنىلا بېرىدىغان دەرىجىدىن ھالقىپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن مال سەرپ قىلىش باسقۇچىغا ئۆتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى سەدىقە بېرىشكە قىزىقتۇرۇپ: «بىر تال خورمىنىڭ يېرىمىنى سەدىقە قىلىپ بولسىمۇ، ئۆزۈڭلارنى دوزاختىن ساقلاڭلار» دېگەن[38]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەدىقىنى ئىخلاس بىلەن، مەخپىي قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى، چۈنكى شۇنداق قىلغاندا، نىيەتنىڭ ساپلىقىغا ۋە موھتاجلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سەدىقىلەرنى ئاشكارا بەرسەڭلار، ئۇ ياخشىدۇر؛ ئەگەر ئۇنى مەخپىي ھالدا كەمبەغەللەرگە بەرسەڭلار، سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر»[39].

ساھابىلەرنىڭ سۈپەتلەپ بېرىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن قورقمايدىغان كىشىدەك سەدىقە بېرەتتى. بۇ ئەھۋال ئۇ زاتنىڭ ئاللاھقا بولغان چوڭقۇر تەۋەككۇلچىلىك روھىنى

[35] سۈنەن ئەبى داۋۇد، 2944 ـ ھەدىس.
[36] سۈرە تەۋبە، 60 ـ ئايەت.
[37] سۈرە مەئارىج، 24 ـ ئايەت.
[38] سەھىھ مۇسلىم، 1016 ـ ھەدىس.
[39] سۈرە بەقەرە، 271 ـ ئايەت.

ۋە قەلبىنىڭ دۇنياغا باغلىنىپ قېلىشتىن پاك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەدىقە بېرىشكە ئەھمىيەت بەرگەندەك، سەدىقە بېرىشنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىغىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى، بۇ جەھەتتە باشقىلارغا يوليورۇق بېرەتتى، بىر نەرسە سورالسا، ھەرگىز: «ياق» دېمەيتتى.

## ئىبادەتنىڭ ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي تەسىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتى ئەگەشكۈچىلىرىنى ئىمانى كۈچلۈك، رەھىم ـ شەپقەتلىك، ئىنتىزاملىق ھالدا يېتىشتۈردى، ئۇلاردا نەپسى ـ خاھىشلىرىغا قۇل بولمايدىغان خاراكتېر يېتىلدۈردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىجتىمائىي ئادالەتنى مۇستەھكەملەش، ئۆزئارا ھەمكارلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىنسانىي رىشتىنى كۈچەيتىش، تەبىقۋازلىقنى ئازايتىش قاتارلىق بەندىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

## خاتىمە

بۇ ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرىدىكى ئەخلاقى ـ ئەمەلنىڭ توغرىلىقى بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇكەممەللىكىنى بىرلەشتۈرگەن پۈتۈن بىر ئەندىزىدۇر. ئىسلامدىكى ئىبادەت پەقەت بەندىچىلىكنىڭ شەكلىي قىسمىنىلا ئەمەس، بەلكى نەپسىنى پاكلاش، گۈزەل ئەخلاق قۇرۇلۇشى ۋە ساغلام جەمئىيەت بەرپا قىلىش قاتارلىقلارنىمۇ نىشان قىلغان. بۇ ماقالە يەنە شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، ئىخلاسمەنلىك، خۇشۇ، سەۋرچانلىق، رەھىم ـ شەپقەت، ئادالەت ۋە ئاسانلىق يارىتىش قاتارلىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتىدىكى ئايرىلماس سۈپەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى شەخسلەردە ۋە جەمئىيەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئاخىرىدا، مۇسۇلمانلارغا شۇنى تەۋسىيە قىلىمىزكى، خۇددى ئەھمەد شەۋقىي ئېيتقاندەك، ئەخلاقى يوقالغان مىللەت چوقۇم ھالاك بولىدۇ، بىر مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۇنىڭ ئەخلاقى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئەڭ ياخشى ئۈلگىمىز ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يولىغا قايتىپ، ئىبادەتكە بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشىمىز ھەمدە ئىبادەت ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقىمىزنى ئىسلاھ قىلىشىمىز لازىم. دەۋەت خىتابلىرىمىزدا ۋە مائارىپ پىروگراممىلىرىمىزدا ئىبادەت بىلەن ئەخلاقنىڭ زىچ مۇناسىۋىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، رېئاللىقنى ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشىشىمىز لازىم.



# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاق تەربىيەسى

ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھاپىز

تەلىم - تەربىيە ۋە ئەخلاق ئىلمى تارىختىن بۇيان نۇرغۇن مائارىپچىلار ۋە مائارىپ سىستېمىلىرىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن تونۇلۇپ كەلدى. دەۋر ئۆزگەرگەنسېرى ئىنسان مائارىپىغا بولغان قاراشلارمۇ ئۆزگەردى. ھەر دەۋردە يېڭى ۋە زامانىۋى ئىدىيەلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىلگىرىكى قاراشلارنى «ئىلمىي ئەمەس» دەپ ئەيىبلىدى. تەلىم - تەربىيە ۋە ئەخلاق تارىخىنى ئەستايىدىل كۆزدىن كەچۈرگىنىمىزدە، بۇ ساھەدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ يىلدىن - يىلغا ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى بايقايمىز. 21 - ئەسىردىكى زامانىۋى مائارىپچىلارمۇ بۇ جەھەتتە مۇكەممەل تەلىم - تەربىيە ۋە ئەخلاق سىستېمىسىنى تېخىچە مۇقىملاشتۇرالىغىنى يوق.

ئەمدى ئىسلام تارىخىغا قارايدىغان بولساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاق تەربىيەچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قۇرغان، تەخمىنەن 15 ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە ئەخلاق تەربىيەسى ۋە تەلىم - تەربىيە سىستېمىسى بارلىقىنى كۆرىمىز. بۇ سىستېما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا پۈتۈنلەي شەكىللىنىپ بولغان بولۇپ، ئۇ باشقا سىستېمىلارغا ئوخشىمايدىغان مۇنداق ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ئىلاھىي مەنبەدىن كەلگەن ۋە ئۇنىڭدىن ئوزۇقلانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بايان قىلىپ: «رەببىم مېنى تەربىيەلىدى، ئۇ مېنى بەكمۇ ياخشى تەربىيەلىدى»[1] دېگەن بولسا؛ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا سورالغاندا: «ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن.[2]

بىۋاسىتە ئاللاھ تائالا

[1] جامئۇسسەغىر، سەنەدى زەئىپ، مەنىسى سەھىھ.
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

تەرىپىدىن تەربىيەلەنگەن كىشىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئەخلاق ئىگىسى بولىدىغانلىقىدا ھېچقانداق شەك يوق. شۇڭا، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلەپ: «سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن»[3] دېگەن. بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنىڭ باشقا ئىنسانلار بەرپا قىلغان ھېچقانداق ئەخلاق سىستېمىسىغا قىياس قىلغىلى بولمايدىغان، مۇكەممەل ئەخلاق ئىكەنلىكىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

2. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ۋە ھەر دەۋردىكى ھەقىقىي مۆئمىنلەر بۇ ئېسىل ئەخلاقنى ئەمەلىي ئىش - ھەرىكەتلىرىدە جانلىق ھالدا نامايان قىلىپ كەلگەن. تارىختىكى باشقا ئەخلاق ۋە پەلسەپىۋى سىستېمىلار بولسا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ قۇرۇق نەزەرىيىگە ئايلىنىپ قالغان ياكى مەلۇم رايونغىلا چەكلىنىپ قالغان ۋە ياكى مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن يوقالغان. مەزكۇر ئەخلاق سىستېمىلىرى بەزى چاغلاردا بىرەر ئورگان تەرىپىدىن قوللىنىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇزۇن مەزگىل داۋاملىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن ئەخلاق تەربىيەسى ۋە بەرپا قىلغان تەلىم - تەربىيە سىستېمىسى 15 ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بېرى شۇ پېتى داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سىرىنى ئۇنىڭ ئاغزىدا دېگىنىنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆگىتىش سىستېمىسىدىن ئىزدەش كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تەربىيەچى بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقا مائارىپچىلاردىن ھەر جەھەتتىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاق تەربىيەسى ۋە تەلىم بېرىش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن، تۆۋەندە بىرنەچچە نۇقتىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز:

### 1. ئاڭلىغۇچىلارنى قىزىقتۇرىدىغان سوئال

ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق سۆزلىرىنى چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن ئاڭلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھىم بىرەر نەرسە سۆزلىمەكچى بولسا، ساھابىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش ۋە تېخىمۇ قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلاردىن سوئال سورايتتى. لېكىن، بۇ سوئاللار ئۇدۇل كەلگەن سوئال بولماستىن، كىشىنى ئويغا سالىدىغان، سۆزلىمەكچى بولغان تېمىغا

[3] سۈرە قەلەم، 4 - ئايەت.

دىققىتىنى بۇرايدىغان ئۇسۇلدا بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بەزىدە بىر سوئالنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايتتى ۋە شۇ ئارقىلىق تېمىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيتتى، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى بىرلا نىشانغا مەركەزلەشتۈرەتتى. بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ساھابىلىرىدىن:

— «سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» — دەپ سورىدى ۋە بۇ سوئالنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ساھابىلەر:

— بولىدۇ، ئى رەسۇلۇللاھ! — دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:

— «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش» — دېدى.

ئۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. دەرھال تۈزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— «يالغان سۆزلەش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىش» — دېدى.

بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان نۇفەيئ ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم «يالغان سۆزلەش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش» دېگەن سۆزنى شۇنچىلىك كۆپ تەكرارلىدىكى، بىز: «كاشكى، توختاپ قالغان بولسا...» دەپ قالدۇق[4].

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام «گۇناھى كەبىرە» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ گۇناھلارنىڭ ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن، دەسلەپتە سۆزنى باشلىغاندا ئىشلەتكەن ئۇسلۇبى بىلەنلا كۇپايە قىلماي، «يالغان گۇۋاھلىق بېرىش»نىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن تارتىپ بارلىق چوڭ گۇناھلارنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش مەقسىتىدە، يېنىچە ئولتۇرغان يېرىدىن تۈزلىنىپ ئولتۇرۇپ، «يالغان سۆزلەش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش» دېگەن سۆزنى قايتا - قايتا تەكرارلىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەزكۇر ئىشلارنى ئەنە شۇنداق كەسكىن پوزىتسىيەدە دېگەندىن كېيىن، ساھابىلەرنىڭ بۇنداق مۇھىم چەكلىمىلەرنى ئۇنتۇپ قېلىشى، سەل قارىشى ياكى باشقىلارغا يەتكۈزمەي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

يەنە بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ساھابىلىرىگە:

— «سىلەرگە روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇش ۋە خەير - ساخاۋەت

[4] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قىلىشتىنمۇ ئەۋزەلرەك ئىبادەتنىڭ نىملىكىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» – دېۋىدى، بارلىق ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈشۈپ تۇرۇپ:

– بولىدۇ ئى رەسۇلۇللاھ، ئېيتىپ بەرسىلە! – دېيىشتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىلىشىچە، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن قالسىلا ئەڭ چوڭ ئىبادەت ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە خەير – ساخاۋەت قىلىش ئىدى. شۇڭا، ئۇلار «بەلكىم بۇيرۇلغان يېڭى، تېخىمۇ مۇھىمراق بىرەر ئىبادەت بولسا كېرەك» دېگەن ئويدا رەسۇلۇللاھنىڭ ئاغزىغا دىققەت بىلەن قاراپ تۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ دىققىتىنى تولۇق تارتقاندىن كېيىن: «ئۇ بولسا (ئاداۋەتلىشىپ قالغان) ئىككى ئادەمنى ياراشتۇرۇپ قويۇشتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىنىڭ بۇزۇلۇشى دىنىنى نابۇت قىلىدۇ» دېدى.[5]

بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ساغلاملىقىنى قوغدايدىغان ئىككى مۇھىم، تەكپۈكلۈق ئامىلغا دىققەت تارتقان. چۈنكى، ناماز، روزا ۋە خەير – ساخاۋەت قىلىش قاتارلىقلار شەخسنىڭ مەنىۋى

[5] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھاياتىنى جانلىق ھەم جۇشقۇن ساقلايدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلەردۇر. قېرىنداشلىق جەمئىيەتنى كۈچلۈك تۇتۇپ تۇرىدىغان، ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، بىر – بىرىدىن يۈز ئۆرۈش قاتارلىق ئىللەتلەر جەمئىيەت ھاياتىنى تەۋرىتىپ، ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا، جەمئىيەتتىكى مۇسۇلمانلار دەرھال قول تىقىپ، بىر – بىرىدىن يىراقلاشقان ئىككى كىشىنى ياراشتۇرۇپ قويۇشى، شۇ ئارقىلىق بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنى جانلاندۇرۇشى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشى تولىمۇ مۇھىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى بىر ساھابىدىن:

– «ئى يەزىد ئىبنى ئەسەد! قېنى ئېيتىپ باققىنا، جەننەتكە كىرىشنى خالامسەن؟» – دەپ سورىدى.

بۇ سوئالنىڭ ھەيران قالارلىق خاراكتېرىگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە ساھابىلىرىدىن بىرىگە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى بولغان جەننەتنى خۇددى بىر قەدەم ئېلىپلا يېتەلەيدىغاندەك، قولىنى ئۇزىتىپلا ئالالايدىغاندەك تەسۋىرلەپ بېرىۋاتىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىق

ۋە ھاياجانغا چۆمگەن يەزىد كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، بېشىنى لىڭشىتتى - دە:

— ئەلۋەتتە، ئى رەسۇلۇللاھ! — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنۇ ئالىي ئەخلاق پرىنسىپىنى ئۆگەتتى:

— «ئۆزۈڭگە نېمىنى تىلىسەڭ، قېرىندىشىڭغىمۇ شۇنى تىلىگىن!» — دېدى.

ئەلۋەتتە، يەزىد ۋە جەننەتكە ئىنتىزار بولغان باشقا مۇسۇلمانلار ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ئەڭ مۇھىم پرىنسىپى بولغان بۇ ھەقىقەتنى كىشىلەر ئارىسىدا تېز سۈرئەتتە تارقىتىدۇ ۋە ئۆزلىرىمۇ ئەمەل قىلىدۇ.

مۇسۇلمانلار ۋىدالىشىش ھەججىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئەراپاتقا توپلانغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ساھابىلىرىگە سۆزلەۋېتىپ:

— «بۇ ئاي قايسى ئاي؟» — دەپ سورىدى. بىز:

— ئالللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر، — دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئازراق سۈكۈت قىلغانىدى، بىز بۇ ئاينى باشقا ئىسىم بىلەن ئاتاپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «بۇ زۇلھەججە ئېيى ئەمەسمۇ؟!» — دېۋىدى، بىز:

— شۇنداق، — دېيىشتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «بۇ قايسى شەھەر؟» — دەپ سورىۋىدى، بىز:

— ئالللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ياخشى بىلگۈچىدۇر، — دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئازراق سۈكۈت قىلغانىدى، بىز يەنە ئۇنى باشقا ئىسىم بىلەن ئاتاپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «بۇ مەككە ئەمەسمۇ؟!» — دېدى. بىز:

— شۇنداق، — دېيىشتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «بۇ قايسى كۈن؟» — دەپ سورىۋىدى، بىز:

— ئالللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ياخشى بىلگۈچىدۇر، — دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرئاز سۈكۈت قىلغانىدى، بىز ئۇنى باشقا ئىسىم بىلەن ئاتاپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «بۇ ئەراپات كۈنى ئەمەسمۇ؟!» — دېگەنىدە، بىز:

— شۇنداق، — دېيىشتۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «بىر — بىرىڭلارنىڭ جېنىغا، مېلىغا ۋە ئىپپەت — نومۇسىغا چېقىلىش خۇددى مۇشۇ كۈنىڭ، مۇشۇ ئاينىڭ ۋە مۇشۇ شەھەرنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق ھارام قىلىنغانغا ئوخشاشلا ھارامدۇر»[6] — دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر قېتىم ساھابىلىرىدىن مۇنداق سورىدى:

— «قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! بىرىڭلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر كۈنى بەش قېتىم يۇيۇنسا، ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىدە كىر قالامدۇ؟». ساھابە كىراملار ئەنتايىن ئېنىق، لېكىن نېمە مەقسەت بىلەن سورالغانلىقىنى بىلمىگەن بۇ سوئالغا:

— ياق، ئۇنىڭ بەدىنىدە كىردىن ھېچ نەرسە قالمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەلمۈرگەن كۆزلىرىگە قاراپ:

— «بۇ بەش ۋاقىت نامازنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ» — دېدى[7].

## 2. ئېھتىياجغا قاراپ جاۋاب بېرىش

كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە ھەر خىل بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرگە تۇتىدىغان پوزىتسىيەسى بىر — بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ روھىي ھالىتىگە ياكى مەنپەئەتىگە ماس كېلىدىغان ۋەزىپىلەرنى تېخىمۇ قىزغىنلىق بىلەن ئورۇندىسىمۇ، مەنپەئەتىگە ماس كەلمەيدىغان بۇيرۇقلارغا ياكى باشقا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قوبۇل قىلمايدىغان ئىشلارغا سەل قارايدۇ ۋە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. قەلبلەرنى چۈشىنىشكە ماھىر پەيغەمبىرىمىز كىشىلەرنىڭ مايىللىقلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ئەڭ ماس كېلىدىغان ئىشلارنى تەۋسىيە قىلاتتى. مەسىلەن، بەزىدە بىر ساھابە كېلىپ:

— ئەڭ ياخشى ئەمەل قايسى؟ — دەپ سورىسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىر خىل جاۋاب بەرگەن بولسا؛ باشقا بىر ۋاقىتتا، ئوخشاش سوئالنى سورىغان باشقا بىرەيلەنگە باشقىچە جاۋاب بېرەتتى. چۈنكى، ھەممەيلەننىڭ ئەھۋالى ۋە ئېھتىياجى ئوخشىمايتتى. پەيغەمبەر

[6] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[7] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەلەيھىسسالام ھەربىر كىشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، قايسى ئەمەلنىڭ ئۇنىڭغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق لازىمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە بەرگەن جاۋابلىرىدا پەقەت سوئال سورىغۇچىنىڭ ئەھۋالىنىلا ئەمەس، بەلكى ياشىغان ۋاقىت ۋە ماكانىنىمۇ دىققەتكە ئالاتتى. ئۇ تىنچلىق پەيتلىرىدىكى ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەلنىڭ «ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز» ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولسا، ئۇرۇش ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئەھۋاللاردا «ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش»نىڭ تېخىمۇ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى. بىر كۈنى ساھابىلەردىن بىرى:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، قايسى مۇسۇلمان ئەڭ ئەۋزەل؟ — دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «باشقا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلى ۋە قولىدىن ئامان قالغان كىشى»[8] — دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ سوئالنى سورىغان ساھابە قولى ياكى تىلى بىلەن باشقىلارغا ئازار بېرىدىغان كىشىمۇ؟

بەلكىم شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋەبى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەزكۇر ساھابىنى بىۋاسىتە نىشان قىلماي، يۇقىرىقىدەك ئۇسۇل بىلەن ئاگاھلاندۇرغان.

يەنە بىر قېتىم بىر ساھابە ئوخشاش سوئالنى سورىغاندا، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا:

— «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۆمرى ئۇزۇن، ئەمەللىرى ياخشى بولغان كىشىدۇر» — دەپ جاۋاب بەرگەن. سوئال سورىغۇچى ئارقىدىنلا:

— ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامىنى كىم؟ — دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «ئۆمرى ئۇزۇن، ئەمما ئەمەللىرى يامان ئادەمدۇر» — دەپ جاۋاب بەرگەن[9].

بىر كۈنى ساھابىلەردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

— ئىسلامدىكى ئەڭ ياخشى ئەمەل قايسى؟ — دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «ئاچلارغا تائام بېرىش، تونۇيدىغان ۋە تونۇمايدىغانلارغا سالام بېرىش» — دەپ جاۋاب بەرگەن[10].

ئەجەبا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

[8] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

[9] ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

[10] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

بۇ سوئالنى سورىغان كىشىدە بېخىللىق، تەكەببۇرلۇق ياكى كىشىلەرگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك دېگەندەك كەمچىلىكلەرنى كۆرگەن بولسا، شۇڭا ئۇنىڭغا مەزكۇر ئىشلارنىڭ تېخىمۇ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولغىيمىدى؟ بەلكىم شۇنداق بولۇشى مۇمكىن ياكى ئۇنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا پايدىلىق نەسىھەتلەرنى قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق نەقىل قىلىنغان: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك ئەمەل قايسى؟ — دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— «ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز» — دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قايتىلاپ:

— ئاندىن قالسىچۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ:

— «ئاتا - ئانىغا ياخشى خىزمەت قىلىش» — دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە:

— ئاندىن قالسىچۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ:

— «ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش» — دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر يەنە سورىغان بولسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلۋەتتە تېخىمۇ كۆپ دەپ بېرەتتى».

بۇ يەردە «جىھاد»نىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. بىراق، يەنە بىر قېتىم بىر ساھابە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! جىھادقا تەڭ كېلىدىغان بىرەر ئەمەلنى تەۋسىيە قىلامسىز؟ — دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— «مەن ئۇنداق بىر ئەمەلنى بىلمەيمەن» — دەپ جاۋاب بەرگەن.

باشقا بىر مۇناسىۋەت بىلەن: «ئەڭ ئەۋزەل كىشى كىم؟» دەپ سورىغان كىشىگە:

— «ئاللاھ يولىدا جېنى ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلغان مۇئمىن»[11] — دەپ جاۋاب بەرگەن.

دېمەك، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۇقىرىدىكى سوئالنى سورىغاندا، تىنچلىق دەۋرى بولغانلىقى ۋە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ياشىنىپ قالغان ئانىسى

[11] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بولغانلىقى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ئەمەلىي شارائىتقا قاراپ جاۋاب بەرگەن.

ئىنسانلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسى بولغان ئالىم - ئۆلىمالىرىمىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئۇسۇلىنى ئۆلگە قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ۋەز - نەسىھەت قىلىشى ۋە قەيەردە، قانداق گەپ قىلىشنى ئۆگىنىشى مۇھىمدۇر.

## 3. يۈزگە سالماستىن تۈزىتىش

ساھابىلەردىن بىرەرسى بىرەر خاتا ئىش قىلىپ قويسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ھەرگىز رەنجىتمەيتتى؛ خاتالىقلىرىنى يۈزگە سېلىپ، خىجىل قىلمايتتى؛ بولۇپمۇ خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا كەمسىتىلىشىنى خالىمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئومۇمغا خىتاب قىلىپ: «بەزىلەر نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغاندۇ؟» دەپ ئاگاھلاندۇراتتى ياكى نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان يوزنىسىيەدە بولاتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئىشنى قىلىپ، ھەممەيلەنگە رۇخسەت قىلغان ئىدى، بەزىلەر ئۇ ئىشتىن ئۆزىنى تارتتى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە، جامائەتكە سۆز قىلىپ: «بەزىلەرگە نېمە بولغاندۇ؟ مەن رۇخسەت قىلغان ئىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئاللاھنى ئۇلاردىن ئوبدانراق بىلىمەن ۋە ئۇلاردىن بەكرەك ئاللاھتىن قورقىمەن» دېدى[12].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى مانا مۇشۇنداق خاتالىق ئۆتكۈزگەن شەخسلەرنى بىۋاسىتە نىشان قىلماستىن خاتالىقلارنى تۈزىتىش، «بەزىلەرگە نېمە بولغاندۇ؟» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، خاتالىقنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇتۇپ قويۇشتۇر. ناۋادا رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان بولسا، ئەيىبلەنگەنلەر جامائەتنىڭ ئالدىدا يۈزىنى كۆتۈرەلمەي قالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالىيجاناب تەبىئىتى، چەكسىز مېھىر - شەپقىتى ۋە ئالىي مۇھەببىتى بۇنىڭغا يول قويمايتتى.

بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنە شۇ دانا يولىغا ئەگىشىشىمىز كېرەك. بىز بىراۋنىڭ خاتالىقىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇنى ئاگاھلاندۇرماقچى بولساق، بىۋاسىتە شۇ ئادەمنى نىشان قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز، تېخىمۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن مەسلىھەت بېرىشىمىز، «بەزى كىشىلەر مۇنداق - مۇنداق گەپلەرنى

[12] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قىلىدۇ» ياكى «بىز مۇنداق ـ مۇنداق قىلىمىز» دېيىشىمىز كېرەك. چۈنكى، شۇنداق مۇلايىم ۋە مېھرىبان سۆزلەر بىلەن قىلىنغان نەسىھەتلەر تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولىدۇ، ھېچكىم رەنجىمەيدۇ، خاتالاشقانلارنىڭمۇ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىپ، خاتالىقنى تۈزىتىشى ئاسان بولىدۇ.

## 4. چىرايلىقچە ئاگاھلاندۇرۇش

چىرايلىق سۆز ئالدىدا يۇمشىمايدىغان ئادەم يوق. شۇڭا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز: «سىلىق سۆز تاشنى يارار، قوپال سۆز باشنى...» دېگەن. پەيغەمبىرىمىز ھەمىشە مېھرىبانلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن گەپ قىلاتتى. بىرەر نەرسە ئۆگەتمەكچى بولغاندا، ئالدى بىلەن قەلبىنى يۇمشىتىپ، كۆڭلىنى مايىل قىلاتتى، ئاندىن دېمەكچى بولغاننى ئېيتاتتى.

بىر كۈنى قۇرەيش قەبىلىسىدىن بىر يىگىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ، ماڭا زىنا قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا! ـ دېۋىدى، بۇ تەلەپنى ئىسلامنىڭ قىممەت قارىشىغا زىت دەپ قارىغان ساھابىلەر يىگىتنى ئەيىبلەپ:

ـ ھەي، نېمە دەۋاتىسەن؟!

ـ دەپ ۋارقىراشتى. لېكىن، رەسۇلۇللاھ ئىنتايىن تەمكىن ھالدا:

ـ «ئۇنى يېنىمغا كەلگىلى قويۇڭلار!» ـ دېگەندىن كېيىن، ئۇنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ:

ـ «كەل، يېنىمغا ئولتۇر!» ـ دېدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ:

ـ «ئاناڭ ئۈچۈن شۇنداق ئىش يۈز بېرىشىنى خالامسەن؟» ـ دەپ سورىدى. يىگىت:

ـ جېنىم سىلىگە پىدا بولسۇن، ھەرگىز خالىمايمەن، ـ دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملاشتۇرۇپ ئېيتتى:

ـ «ھەقىقەتەن ھېچكىم ئانىسىغا بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىمايدۇ. ئۇ ئىشنى قىزىڭ ئۈچۈن خالامسەن؟»

ـ سىلىگە جېنىم پىدا بولسۇن، ھەرگىز خالىمايمەن.

ـ «دەرۋەقە، ھېچكىم قىزىغا بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىمايدۇ. ئۇ ئىشنى ھەدە ـ سىڭىللىرىڭ ئۈچۈن خالامسەن؟»

ـ سىلىگە جېنىم پىدا بولسۇن، ھەرگىز خالىمايمەن.

ـ «دەرۋەقە، ھېچكىم ھەدە ـ سىڭىللىرىغا بۇنداق ئىشنىڭ يۈز

بېرىشنى خالىمايدۇ».

ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ يۇقىرىدىكى سوئالنى ھاممىلىرى ھەققىدىمۇ سورىدى. مەزكۇر يىگىت ھەممىسىگە ئوخشاش جاۋاب بەردى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ قولىنى ئۇنىڭ كۆكرىكى ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ: «ئى ئاللاھ! بۇ يىگىتنىڭ قەلبىنى پاكلىغىن، گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغىن، ئىپپىتىنى ساقلىغىن» دەپ دۇئا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن زىنا ئۇ ئەڭ نەپرەتلىنىدىغان ئىشقا ئايلاندى[13].

بۇ ياش ساھابىنىڭ ئۇنداق ئىشلاردىن نەپرەتلىنىدىغان بولۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بىلەن بىرگە، ئۇنى لوگىكىلىق، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلىپ، قايىل قىلغانلىقىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ يىگىتنىڭ تەلپىنى دەسلەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارىغان ساھابىلەرنى ھەيران قالدۇرغان ۋە غەزەپلەندۈرگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارىمىدى، ئەكسىچە بىر يىگىتنىڭ سەممىي ھېسسىياتى دەپ قارىدى. شۇڭا، باشقىلارنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، ئۇ يىگىتنى قوغداپ، ئۇنىڭغا يېنىدىن ئورۇن بەردى ۋە قايىل قىلارلىق سۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىنى ئېرىتتى.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتتە ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇراتتى. بىر تاغلىق ئەرەب كىرىپلا كىچىك تاھارەت قىلغىلى تۇردى. ساھابىلەر ئۇنى مەسچىتتىن قوغلاپ چىقارماقچى بولۇۋىدى، رەسۇلۇللاھ:

— «قويۇۋېتىڭلار، ئىشىنى تۈگىتىۋالسۇن، سىلەر تەسلەشتۈرگۈچى ئەمەس، ئاسانلاشتۇرغۇچى بولۇپ ئەۋەتىلدىڭلار» — دەپ ساھابىلىرىنى توسۇۋالدى. ئۇ كىشى ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ:

— «بۇ مەسچىت، بۇ يەردە ئۇنداق تاھارەت سۇندۇرۇش ۋە باشقا پاسكىنا ئىشلارنى قىلىش توغرا بولمايدۇ. بۇ پەقەت ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىدىغان، ناماز ئوقۇيدىغان ۋە قۇرئان ئوقۇيدىغان جايدۇر» — دېدى. ئاندىن ساھابىلىرىگە:

— «ئۇنىڭ سۈيدۈكىنىڭ ئۈستىگە بىر چېلەك سۇ

[13] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

تۆكۈۋېتىڭلار» ــ دەپ بۇيرۇدى[14].

### 5. تەدرىجىي (باسقۇچلۇق) تەربىيەلەش

كىشىلەرگە بارلىق ۋەزىپىلىرىنى بىر قېتىمدىلا ئارتىپ، ئاندىن ئۇلارنى مەزكۇر ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسى ھەققىدە جاۋابكارلىققا تارتىش شۈبھىسىز ئېغىر يۈك، ھەتتا مۇمكىن ئەمەس ئىش. بۇ ئىشلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بىر ــ بىرلەپ، ئاستا ــ ئاستا كۆندۈرۈش ئارقىلىق، تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇلسا، تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنىڭ مۇشۇ ئۇسۇلنى كۆپ قوللانغان. ئەگەر ئۇ خالىسا ئىدى، بىلىدىغانلىرىنىڭ ھەممىنى بىراقلا تۆكۈۋەتكەن بولاتتى، چۈنكى ئۇ بىر مۇسۇلمان قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىڭ ھەممىنى بىلەتتى. ئۇ بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «جەننەت ۋە دوزاختىن تارتىپ ماڭا ئىلگىرى كۆرسىتىلمىگەن ھېچ نەرسە يوقتۇر»[15].

بۇ ئەھۋال شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە يەتكۈزمەكچى بولغان ھەممە نەرسىنى بىلسىمۇ، ئۈمىد قىلىنغان نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ ئاستا ــ ئاستا يەتكۈزگەن. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىلاھىي ۋەھىينىڭ 23 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، پارچە ــ پارچە كېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ئىبادەتلەرنىڭ مۇكاپاتلىرىنى ۋە نەتىجىلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىبادەتكە قىزىقىشىنى ئاشۇرۇپ، ئىختىيارلىق بىلەن ئورۇندىشىغا كاپالەتلىك قىلغان. چۈنكى، ئەمەل ــ ئىبادەتلەرنىڭ مۇكاپاتلىرى ھەققىدىكى ئىلاھىي ۋەدىلەرنى پات ــ پات ئاڭلاپ تۇرۇش ئىبادەتكە بولغان قىزغىنلىقنى ئاشۇرىدۇ. بۇنىڭغا قىيامەت كۈنى ئەرشنىڭ سايىسىدە سايىدايدىغان يەتتە تۈرلۈك كىشىنى بايان قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يەتتە تۈرلۈك كىشى بار بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەرشىنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە بولمىغان قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنى ئەرشىنىڭ سايىسىدە سايىدىتىدۇ. ئۇلار: ئادىل رەھبەر، ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدە يېتىشكەن ياش، قەلبى مەسچىتلەرگە باغلانغان كىشى، ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشكەن ۋە ئاللاھ ئۈچۈن ئايرىلغان ئىككى

[14] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[15] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

كىشى، مەنسەپلىك، ساھىبجامال ئايال ئۆزىگە چاقىرسا، مەن ئاللاھتىن قورقىمەن دېگەن كىشى، ئوڭ قولى بەرگەننى سول قولى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە مەخپىي سەدىقە قىلغان كىشى ۋە يالغۇز يەردە ئاللاھنى ئەسلەپ، كۆپ ياش تۆككەن كىشى».[16]

بۇ ھەقتە كەلگەن باشقا ھەدىسلەردىن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىۋاتقان مۇجاھىدنى قوغدىغان ۋە ياردەم قىلغانلارنىڭ[17]، كەمبەغەل قەرزدارغا مۆھلەت بېرىش ياكى قەرزىنى كەچۈرۈم قىلىش ئارقىلىق رەھىم - شەپقەت قىلىدىغانلارنىڭمۇ[18] مۇشۇ شەرەپكە ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ پسىخىكىلىق ھالىتىنىمۇ دىققەتكە ئېلىپ، بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئاستا - ئاستا، كۆندۈرۈش ئارقىلىق چۈشەندۈرەتتى؛ ئۇلارغا ھەرگىز: «بۇ بەك كۆپ بولۇپ قالدى» دەپ ئېتىراز بىلدۈرىدىغانغا پۇرسەت بەرمەيتتى. بىر قېتىم نەجدلىك، چاچلىرى چۇۋۇق بىر ئادەم ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئىسلام ھەققىدە سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- «بىر كېچە - كۈندۈزدە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇش» - دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم:

- بۇ نامازلاردىن باشقا نامازمۇ بارمۇ؟ - دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- «يوق، لېكىن نەپلە ناماز ئوقۇساڭ بولىدۇ» - دېگەندىن كېيىن: - «رامىزان روزىسىمۇ بار» - دەپ قوشۇپ قويدى. ئۇ ئادەم:

- ئۇنىڭدىن باشقا روزىمۇ بارمۇ؟ - دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- «يوق، لېكىن نەپلە روزا تۇتساڭ بولىدۇ» - دېگەندىن كېيىن: - «زاكاتمۇ بار» - دېدى. ئۇ ئادەم:

- زاكاتتىن باشقىمۇ بارمۇ؟ - دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- «يوق، لېكىن نەپلە سەدىقە قىلاي دېسەڭ، قىلساڭ بولىدۇ» - دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى كىشى قايتىش ئۈچۈن ئارقىسىغا بۇرۇلغاچ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇنىڭدىن ئارتۇقمۇ، كەممۇ قىلمايمەن» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا (يەنى

[16] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[17] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[18] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

گېپىدە تۇرسا)، نىجات تاپىدۇ» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە خۇددى ئوت ئېلىشقا كەلگەندەك، سەۋرسىز كىشىنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى بويىچە، ئۇ كىشىگە ئىسلامنى باشتىن ـ ئاخىر چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرماي، بىر مۇسۇلمان ئەڭ تۆۋەن چەكتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىلا ئېيتىپ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرگەن. بۇ ئۇسۇل ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان بولغاچقا، بىزمۇ مۇشۇ ئۇسۇلنى دائىم ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەك.

## 6. قىسسە سۆزلەش ئارقىلىق تەربىيەلەش

بالىلار دەسلەپتە ھېكايە ۋە چۆچەكلەر ئارقىلىق تەربىيەلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار ھېكايە ۋە چۆچەكلەردىن ھوزۇرلىنىدۇ، ئۇلارغا چۈشىنىش قىيىن مەسىلىلەرنى مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق ئاسانراق چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. ئىنسان چوڭ بولغاندىن كېيىن باللىق دەۋرنى چوڭقۇر سېغىنىدۇ ۋە شۇ كۈنلەرنى قايتا باشتىن كەچۈرۈشكە فىزىكىلىق پۇرسىتى بولمىغاچقا، ھېچبولمىغاندا ھېكايە ۋە تەسەۋۋۇر ئارقىلىق بولسىمۇ باللىق ۋاقىتلىرىنى ئەسلەشكە تىرىشىدۇ. مانا مۇشۇ ئەۋزەللىك سەۋەبىدىن، ئوقۇتقۇچىلار بەزى مۇرەككەپ تېمىلارنى ئاسانراق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ھېكايە سۆزلەش ئۇسلۇبى قوللىنىدۇ. چۈنكى، ھېكايىنىڭ قىزىقارلىق تەرەپلىرىدىن ۋە مول مەزمۇنلۇق كەيپىياتىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ياخشى ئۆلگىلەرنى قەدىرلەشكە ۋە ئۇلارنى تەقلىد قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئاسان. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە بۇرۇنقىلارنىڭ قىسسەلىرىنى بايان قىلىشنىمۇ بىر خىل تەربىيە ئۇسۇلى قىلغان. ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم تۆۋەندىكى قىسسەنى سۆزلەپ بەرگەن:

«بىر زامانلاردا بىرەيلەن 99 ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئاندىن گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلىدىغان ياكى كەچۈرۈلمەيدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئالىمنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلاپتۇ. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا بىر پوپنى تەۋسىيە قىپتۇ. ئۇ ئادەم مەزكۇر پوپنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— مەن 99 ئادەم ئۆلتۈردۈم، تەۋبەم قوبۇل بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مەزكۇر پوپ:

— ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېگەن ئىكەن، ئۇ ئادەم قاتتىق غەزەپلىنىپ پوپنىمۇ

ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ تولۇق 100 ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بوپتۇ. ئاندىن يەنە يەر يۈزىدىكى ئەڭ چوڭ ئالىمنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلاپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا چوڭ بىر ئالىمنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەزكۇر ئالىمنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ:

— مەن 100 ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇم، ئەگەر تەۋبە قىلسام، تەۋبەم قوبۇل بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مەزكۇر ئالىم ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— ئەلۋەتتە قوبۇل بولىدۇ، سەن بىلەن تەۋبەڭنىڭ ئارىسىدا كىممۇ ئارا تۇرالىسۇن؟! سەن پالان يەرگە بارغىن، شۇ يەردە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان ياخشى كىشىلەر بار. شۇلار بىلەن بىللە ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن، يۇرتۇڭغا زىنھار قايتمىغىن، چۈنكى سېنىڭ يۇرتۇڭ يامان ئادەملەرگە تولغان يەر، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئادەم ئاشۇ ئالىم تەۋسىيە قىلغان جايغا قاراپ يولغا راۋان بوپتۇ ۋە يولدا ئەجىلى توشۇپ ۋاپات بوپتۇ. غەزەپ پەرىشتىلىرى بىلەن رەھمەت پەرىشتىلىرى ئۇ ئادەمنى تالىشىپ قاپتۇ. رەھمەت پەرىشتىلىرى:

— بۇ ئادەم گۇناھ - مەسىيەتنى تاشلاپ، ياخشىلىق يولىغا ماڭغان، شۇڭا ئۇنى بىز ئېلىشىمىز كېرەك، — دېسە، غەزەپ پەرىشتىلىرى:

— ياق، بۇ ئادەم 100 ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، تېخى تەۋبە قىلمىغان، شۇڭا ئۇنى بىز ئېلىشىمىز كېرەك، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن باشقا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ پەرىشتە كېلىپ: بۇ ئادەمنىڭ كەلگەن يېرى بىلەن بارىدىغان يېرىنىڭ مۇساپىسىنى ئۆلچەڭلار. ئەگەر بۇ ئادەم جان ئۈزگەن يەر بارماقچى بولغان يۇرتقا يېقىن بولسا، رەھمەت پەرىشتىسى ئالسۇن؛ ناۋادا ئۆزىنىڭ يۇرتىغا يېقىن بولسا، غەزەپ پەرىشتىسى ئالسۇن، دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. دەرۋەقە، پەرىشتىلەر ئىككى تەرەپنى ئۆلچىگەن ئىكەن، ئۇ ئادەم ئىككى يۇرتنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا جان ئۈزگەن بولۇپ، ھېچبىر تەرەپكە يېقىن ئەمەس بولۇپ چىقىپتۇ، بىراق بارماقچى بولغان تەرەپكە قاراپ يېقىلغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى رەھمەت پەرىشتىلىرى ئاپتۇ (يەنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل

قىلىپ، گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىپتۇ)»[19].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قىسسە ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى تاشلاپ، تەۋبە قىلىشقا، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەيۇسلەنمەسلىككە، ھەرقانچە كۆپ گۇناھ قىلغان بولسىمۇ، سەممىي تەۋبە قىلسا، ئاللاھ تائالانىڭ تەۋبىنى قوبۇل قىلىپ، گۇناھلارنى كەچۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە رىغبەتلەندۇرىدۇ.

## 7. ئوخشىتىش ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تەربىيەلەش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى تەربىيەلەشتە بەزىدە ئوخشىتىش ۋاسىتىلىرىنى ۋە سېلىشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللانغان. چۈنكى بۇ ئۇسۇل كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى، توغرا بىلەن خاتانى ئاسانلا پەرقلەندۈرۈشىگە ۋە ھەربىرىنى بارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تونۇشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېخىللىقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، سېخىيلىققا ئىلھاملاندۇرغان نۇرغۇن ھەدىسلەردە سېخىيلار بىلەن بېخىللارنىڭ ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلىگەن:

«بېخىل ئادەم بىلەن سېخىي ئادەمنىڭ ئەھۋالى خۇددى كۆكرىكىدىن بوينىغىچە ساۋۇت كىيگەن ئىككى ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. سېخىي ئادەم سەدىقە بەرگەنسېرى ئۇستىدىكى ساۋۇت كېڭىيىپ، ئاستىغا سوزۇلۇپ، ھەتتا بارماقلىرىنى يېپىپ، ئاياغ ئىزلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. بېخىل كىشىگە كەلسەك، ئۇ قاچانكى مال ـ مۈلكىنى ئاللاھ ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، سەدىقە قىلماقچى بولغىنىدا، ساۋۇتنىڭ ھالقىلىرى ئۇنىڭغا بارغانسېرى چىڭ يېپىشىپ، ئۇنى تىخىمۇ سىقىدۇ. بېخىل ساۋۇتنى كېڭەيتىشكە ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ، ئۇنى ھەرگىز كېڭەيتەلمەيدۇ»[20].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مانا مۇشۇنداق پايدىلىق ئۇسۇللار بىلەن ساھابىلىرىنى تەربىيەلەپ، ئەخلاق ـ پەزىلەتتە تەڭدىشى يوق بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى يېتىشتۈرگەن. شۇڭا، ئۇ ئالەملەرگە رەھمەت، پۈتكۈل مۇسۇلمانلارغا ھەر ساھەدە ئۈلگىدۇر.

[19] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[20] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى ئەخلاقىي پرىنسىپلار ۋە ئەھمىيىتى



تاھىرجان ئابباس

ئىنسانىيەت تارىخىدا رەھبەرلىك ۋە دۆلەت باشقۇرۇش ھەمىشە مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدىغان مەسىلە بولۇپ كەلگەن. رەھبەرلەرنىڭ ئەخلاقىي سۈپەتلىرى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا، ئادالەتنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ۋە خەلقنىڭ ئامانلىقىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ جەھەتتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى ئەخلاقىي ئاساسلار ئىنسانىيەت ئۈچۈن قىممەتلىك مىراس بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئالەمشۇمۇل پرىنسىپلار زامان ۋە ماكان ھالقىغان پرىنسىپلاردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 1400 يىل ئىلگىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بەرپا قىلغان دۆلەت ئىدارە قىلىش تەجرىبىسى پەقەت دىنىي جەھەتتىلا ئەمەس، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىنسانىي جەھەتتىمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ قۇرغان مەدىنە دۆلىتى ئادالەت، كېڭەش، ھەمكارلىق ۋە ئىنسانىي قەدىر - قىممەتلەرنى ھۆرمەتلەش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن نەمۇنىلىك دۆلەت ئىدى.

بۇ ماقالىدە بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى ئەخلاقىي پرىنسىپلارنى سىستېمىلىق ئۇسۇلدا تەھلىل قىلىپ، بۇ پرىنسىپلارنىڭ زامانىۋى دۆلەتچىلىك چۈشەنچىسى ۋە ئەمەلىيىتىدىكى ئەھمىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشىمىز.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىياسىي رەھبەرلىكىنىڭ تارىخىي - دىنىي ئاساسلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىياسىي رەھبەرلىكى ئۇنىڭ دىنىي ۋەزىپىسىنىڭ تەبىئىي داۋامى ۋە كېڭەيتىشى بولۇپ، مەلۇم تارىخىي شارائىت ۋە گېئوپولىتىكىلىق ۋەزىيەتنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، مەككە دەۋرىدىكى ساپ دىنىي دەۋەتتىن تارتىپ، مەدىنە دەۋرىدىكى دىنىي - سىياسىي

رەھبەرلىككىچە بولغان تەرەققىيات ئىسلام دىنىنىڭ كامىللىقى ۋە ھاياتىي خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسلام دىنى ئىنسان ھاياتىنىڭ پەقەت روھىيەتكىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق تەرەپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇكەممەل بىر سىستېمىدۇر. بۇ نۇقتىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىشى، دۆلەت قۇرۇشى ۋە جەمئىيەت باشقۇرۇشى ئۇنىڭ دىنىي ۋەزىپىسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىدى. ئۇ قانۇن چىقىرىش، باشقۇرۇش ۋە ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىنى ۋەھيي بىلەن بىرگە ئۆز ئىجتىھادىغا ئاساسلىنىپ ئىشلەتكەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىياسىتى ۋەھيي بىلەن ئىجتىھادنىڭ ماھىرانە بىرلەشمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكى دىنىنىڭ ئاساسىي مەقسەتلىرىگە، يەنى ئادالەتنى بەرپا قىلىش، ھەر تۈرلۈك ھەق ۋە ھوقۇقنى قوغداش، ئىنسانلارنى ئەخلاقىي كامالەتكە يېتەكلەش قاتارلىق تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغان. بۇ ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ رەھبەرلىكىنى نوقۇل ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرىدىن ئايرىپ، ئادالەت، پىداكارلىق ۋە ئامانەتدارلىققا ئاساسلانغان رەھبەرلىككە ئايلاندۇرغان.

دۆلەت باشقۇرۇشتىكى ئەخلاقىي پىرىنسىپلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى ئەخلاقىي ئاساسلار بىر - بىرىگە ماس، سىستېمىلىق پىرىنسىپلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ پىرىنسىپلارنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

### 1. ئادالەت پىرىنسىپى

ئادالەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۆلەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى ئىدى. ئۇ ئادالەتنى ھەممە ئادەمگە، دوست - دۈشمەن دەپ ئايرىماي، مۇسۇلمان - كاپىر دېمەي، ئوخشاش ئىجرا قىلغان. ئادالەت ئۇنىڭ نەزىرىدە ھاكىمىيەتنىڭ شەرتى ۋە قانۇنىيلىقىنىڭ ئاساسى ئىدى. ئۇ ئادالەتنى بەرپا قىلىشتا ھېچقانداق شەخسىي مۇناسىۋەت، قەبىلە ياكى ئىجتىمائىي تەبىقە پەرقىگە يول قويمىغان.

### 2. كېڭەش (شۇرا) پىرىنسىپى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوڭ - كىچىك مەسىلىلەردە ساھابىلىرى بىلەن كېڭىشىپ، پىكىرلىرىنى ئالاتتى. بۇنداق كېڭەش پىرىنسىپى ھاكىمىيەتنىڭ مۇستەبىتلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، جامائەتنىڭ پاراسەتلىك قارارلارغا ئېرىشىشىگە ياردەم بېرىدۇ، كېڭەش ئارقىلىق ھەر كىشىنىڭ پىكىر بىلدۈرۈش

هوقۇقى ھۆرمەتلىنىپ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقى كۆچىيىدۇ.

### 3. ئامانەت پىرىنسىپى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاكىمىيەتنى «ئامانەت» دەپ قاراپ، ئۇنى خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىشقا ئىشلەتكەن. ئامانەتدارلىق – ھۆكۈمرانىنىڭ مەسئۇلىيەتلىك، ھالال، ساپ نىيەتلىك بولۇشى، ھاكىمىيەتنى شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىشى دېمەكتۇر. ئۇ ھەربىر ئەمەلدار ۋە ھۆكۈمرانىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئامانەت دەپ بىلىپ، ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئورۇندىشىنى تەلەپ قىلغان.

### 4. رەھىم ـ شەپقەت پىرىنسىپى

رەھىم ـ شەپقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھبەرلىكىنىڭ بەلگىلىك ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۇ كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىنمۇ خەلققە مۇلايىم، ئەپۇچان ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتلىك مۇئامىلە قىلغان. جىنايەتچىلەرنى جازالاشتىمۇ ئادالەتنى ئۆلچەم قىلىپ، غەزەپ ـ نەپرەت ياكى ئىنتىقام تۇيغۇسى بىلەن ھەرىكەت قىلمىغان. رەھىم ـ شەپقەت ئۇنىڭ نەزىرىدە خەلق بىلەن ھۆكۈمەت ئارىسىدا مۇھەببەت كۆۋرۈكى قۇرىدىغان ئاساسىي ئامىل ئىدى.

### 5. ئەھدىگە ۋاپا قىلىش پىرىنسىپى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق ئەھدىلىرىگە ۋاپا قىلغان، ھەتتا دۈشمەنلەر بىلەن ئەھدىلەشكەندىمۇ ئىشەنچ ھەم ۋاپادارلىق پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئەخلاقىي پۇقرالارنىڭ دۆلەتكە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەردىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. ئەھدىگە ۋاپادارلىق سىياسىي ئىشەنچنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىق ۋە مۇقىملىقنىڭ كاپالىتىدۇر.

### 6. قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىك پىرىنسىپى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانۇن ئالدىدا ھەممەيلەننىڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىمۇ شۇنىڭغا رىئايە قىلغان. بۇ نۇقتىدا بايلارغىمۇ، كەمبەغەللەرگىمۇ، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگىمۇ، ئاددىي پۇقرالارغىمۇ ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، قانۇن ئالدىدا ئىمتىيازلىق تەبىقىلەرنىڭ ھاسىل بولۇشىغا يول قويمىغان. بۇ باراۋەرلىك پىرىنسىپى ئىجتىمائىي ئادالەتنىڭ كاپالىتى بولۇپ، سىنىپقا ئايرىلىپ پارچىلىنىش ۋە قاتلاملىشىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## 7. شەرىئەتكە ئەمەل قىلىش پرىنسىپى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيىگە ئاساسلىنىپ ھۆكۈم چىقىرىدىغان بولغاچقا، ۋەھيى ئارقىلىق بەلگىلەنگەن شەرىئەت پرىنسىپلىرىغا قەتئىي رىئايە قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى نامايان قىلغان. ئۇ ھېچكىمنىڭ شەرىئەتتىن ئۈستۈن ئەمەسلىكىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭمۇ شەرىئەتكە قەتئىي بويسۇنىدىغانلىقىنى ئەمەلىي ئۆرنەك بولۇپ كۆرسەتكەن.

مەدىنە دۆلىتى: دۆلەتچىلىك ئەخلاقىنىڭ ئەمەلىي نەمۇنىسى

مەدىنە دۆلىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۆلەتچىلىك ئەخلاقىنىڭ ئەمەلىي سىنىقى ۋە ئىسپاتى بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئۇلۇغ بۇرۇلۇشنىڭ نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دۆلەت دىنىي ئېتىقاد بىلەن سىياسىي دانالىقنىڭ يۇغۇرۇلۇشىدىن بارلىققا كەلگەن نەمۇنىلىك بىر دۆلەت ئىدى. مەدىنە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇلۇشى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بارلىق ئەخلاقىي پرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «مەدىنە ۋەسىقىسى» دەپ ئاتالغان كونستىتۇتسىيە (ئاساسىي قانۇن) مۇسۇلمان، يەھۇدىي ۋە مۇشرىكلارنىڭ ھوقۇق ۋە بۇرچلىرىنى ئېنىق بەلگىلەپ، كۆپ مىللەتلىك ۋە كۆپ ئېتىقادلىقلارنىڭ ھەمتەڭ ياشاش قانۇنىي ئاساسىنى سالغان.

مەدىنە دۆلىتىدە ھەر مىللەت خەلقى دىنىي ئىشلىرىدا ئەركىن، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتتا تەڭ ھوقۇقلۇق ئىدى. ئادالەت، كېڭەش، ئامانەت، رەھىم-شەپقەت قاتارلىق پرىنسىپلار پەقەت شوئار ئەمەس، بەلكى كۈندىلىك باشقۇرۇشنىڭ ئەمەلىي قائىدىلىرى ئىدى. بۇ دۆلەت ئۆز دەۋرىدە بارلىققا كەلتۈرگەن تىنچلىق، ئادالەت ۋە گۈللىنىش قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئەخلاقىي ئاساسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

## زامانىۋى ئەھمىيىتى ۋە قوللىنىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى ئەخلاقىي پرىنسىپلار 1400 يىل ئىلگىرى قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئالەمشۇمۇللۇقى بۈگۈنكى كۈندىمۇ كۈچلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە. زامانىۋى دۇنيادا دۆلەت ئىدارىسىدىكى ئەخلاقىي بوھران، ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىك، ھاكىمىيەتنىڭ چىرىكلىكى ۋە مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى كۈچىيىۋاتقان مەزگىلدە بۇ پرىنسىپلار ئالاھىدە يولباشچى بولالايدۇ.

زامانىۋى دۆلەتلەر تېخنىكا

ۋە سىستېمىدا تەرەققىي قىلىپ، تارىختىن ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەخلاقىي قۇرۇلمىسىدا يەنىلا نۇرغۇن مەسىلىلەر كۆرۈلمەكتە. ئەينى چاغدىكى دۆلەت كۈچى بىلەن ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت ئارىسىدىكى مۇكەممەل ماسلىشىش، ھۆكۈمرانىنىڭ خەلقنىڭ ھامىيسى بولۇشى، ئامانەتكە ۋاپادارلىق، قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىك، كېڭەش ئارقىلىق قارار چىقىرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى زامان دۆلەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ ئىدېئال ھالىتى ئىكەنلىكىنى تارىخ ئىسپاتلاپ بەردى.

زامانىۋى دۆلەتچىلىكتىكى نۇرغۇن كونسېپتسىيەلەر[1] (چەكلىك باشقۇرۇش[2]، جاۋابكار ھۆكۈمەت[3]، كېڭەش دېموكراتىيەسى[4]، ئىنسان ھوقۇقى، ئىجتىمائىي ئادالەت... ۋەھاكازالار) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقۇرۇش ئەخلاقى بىلەن ئالاھىدە ماسلىشىشچانلىق روھىغا ئىگە. بۇ ماسلىشىش تاسادىپىيلىق ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ياخشى باشقۇرۇشقا بولغان ئورتاق تەلپىنىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

بۈگۈنكى زامانىۋىلاشقان دەۋردە دۆلەت ئاپپاراتى ئىچىدىكى ھوقۇققا رىئايە قىلماسلىق، چىرىكلىك، تەبىقىۋازلىق، ئادالەتسىزلىك قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يولىنى ئىزدەۋاتقان ئىسلاھاتچىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسىدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيدۇ.

## خۇلاسە ۋە تەكلىپلەر

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى ئەخلاقىي تەجرىبىسى بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت ماددىي تەرەققىيات ياكى ھەربىي جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇشتىنلا ئەمەس، بەلكى ئادالەت، مېھىر - مۇھەببەت، ھەمكارلىق ۋە ئىنسانىي قىممەت قاراشلارغا ئىگە بولۇشتا. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئادالەت، رەھىم - شەپقەت، ئامانەت، كېڭەش، ۋاپا، باراۋەرلىك، ھوقۇق قاتارلىق ئاساسىي قىممەت قاراشلار زامان ۋە ماكاندىن ئۈستۈندۇر.

[1] كونسېپتس (ئۇقۇم، چۈشەنچە، پىكىر).

[2] ھوقۇقنىڭ چەكلىكلىكى (Limited Government) ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى ۋە ھەرىكىتى قانۇن ۋە كونستىتۇتسىيە چېگراسىدا چەكلىنىدىغان باشقۇرۇش سىستېمىسى. ھوقۇق چەكسىز ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىگە بويسۇنىدۇ.

[3] جاۋابكار ھۆكۈمەت (Accountable Government) ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە مەسئۇل خادىملار ئۆز ھەرىكەت ۋە قارارلىرى ئۈچۈن خەلققە ۋە قانۇنغا ھېساب بېرىدىغان سىستېما. بۇ شەپپاپلىق ۋە تەكشۈرۈشكە بولىدىغانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

[4] كېڭەش دېموكراتىيەسى (Consultative Democracy) قارار چىقىرىش جەريانىدا خەلق رايى - باھاسى، مەسلىھەت ۋە كەڭ كۆلەملىك قاتنىشىشنى تەمىنلەيدىغان دېموكراتىك ئۇسۇل. بۇ ئىسلامىي شۇرا (مەسلىھەت) پرىنسىپىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

بۇ پرىنسىپلارنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ئۇلارنىڭ نەزەرىيەۋى ئېنىقلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقىدىكى ئۈنۈمىدە بولۇپ، تارىخ ئۇلارنىڭ ئەمەلىي مۇمكىنچىلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. كەلگۈسىدىكى تەتقىقاتلار ۋە ئەمەلىي ئىشلار ئەنە شۇ پرىنسىپلارنىڭ ھەر خىل مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەتلەردىكى قوللىنىلىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، زامانىۋى باشقۇرۇش پرىنسىپلىرى بىلەن تېخىمۇ ياخشى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى كېرەك. تارىختىن ئۆگەنگەنلىرىمىز بىلەن بۈگۈنكى زامانىۋى ئىزدىنىشلىرىمىز بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان، ئەكسىچە بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان بىر پۈتۈن جەرياندۇر. ئۇلار بىر - بىرىگە زىت ئەمەس، بەلكى بىر - بىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، بىر - بىرىگە مەنە بېغىشلايدۇ.

ئىنسانىيەت ئۇزاق تارىخى مابەينىدە مۇنداق بىر مۇھىم ھەقىقەتنى ئەمەلىي تەجرىبىسى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان: ياخشى باشقۇرۇش ئەخلاققا تايانغاندىلا ئۇزاققا بارالايدۇ. بۇ پىكىر نە پەقەت ئۆتمۈشتىن قالغان ئاددىي نەسىھەت، نە ۋاقتى ئۆتكەن بىر قاراش بولماستىن، بەلكى مەدەنىيەتلەرنىڭ يۈكسىلىشى ۋە يىقىلىشى ئارقىلىق، قان - تەر بىلەن يېزىلغان تارىخىي ھەقىقەتتۇر، يىللار بويى قان - تەر بىلەن يېزىلغان تارىخىي دەرستۇر.

ھېچقانداق زامانىۋى سىستېما (مەيلى تېخنىكىلىق تەرەققىيات بولسۇن ياكى قانۇن - نىزام قۇرۇلمىسى بولسۇن) ئەخلاقىي ئاساسنىڭ ئورنىنى تولۇق باسالمايدۇ. چۈنكى، قانۇن قەغەز ئۈستىدە تۈزۈلىدۇ، ئەمما ئەخلاق ئىنساننىڭ ئەمەلىيىتىدە ياشايدۇ؛ قانۇن چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ، ئەخلاق بولسا يۆنىلىش كۆرسىتىدۇ؛ قانۇن جازالايدۇ، ئەخلاق يېتەكلەيدۇ. شۇڭا، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى رەت قىلمايدۇ، بەلكى بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، جەمئىيەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ.

شۇ سەۋەبتىن، بۈگۈنكى كۈندە بۇ كونا، ئەمما مەڭگۈ يېڭى قىممەتلەرنى قايتا جانلاندۇرۇش ـ ئادىل، ئىنسانپەرۋەر، مۇقىم ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ھەم ئاساسىي شەرتى بولۇپ قالماقتا. تارىخ بىزگە ئەينەك بولسا، ئەخلاق بىزگە يول كۆرسەتكۈچى چىراغ بولسۇن؛ ئۆتمۈش بىزگە ئىبرەت بولسا، ئەخلاق بىزگە ئىستىقبالنى يورۇتىدىغان كۈچ بولسۇن!



# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبەت ئەخلاقى

ئۇستاز مۇھەممەد يۇسۇپ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلاردا، ئەخلاق ـ پەزىلەتتە ئىنسانىيەت ئۈچۈن مىسلىسىز ئۈلگە ئىدى. ئۇنىڭ يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى دۈشمەنلىرىمۇ ئېتىراپ قىلاتتى. شۇڭا، قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئۇنىڭ يېنىدا ئامانەت قوياتتى، ھەتتا ئۇنى بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپ «مۇھەممەد ئەمىن» (ئىشەنچلىك مۇھەممەد) دەپ ئاتايتتى. شۇ ۋەجىدىن، مۇشرىكلار ئۇنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، ئېسىل پەزىلىتىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى ئىنكار قىلمايتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلار سېنى يالغانچى دېمەيدۇ، لېكىن ئۇ زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ»[1]؛

«سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر»[2]؛

«سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن»[3].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى توغرۇلۇق سورالغىنىدا: «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى»[4] دېگەن. ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنىڭ جانلىق تەرجىمانى ۋە رېئاللىقتا ئەكس ئېتىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى توغرىسىدا: «مېنى رەببىم ئەڭ مۇكەممەل تەربىيىلىدى»[5] دېگەن.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەۋەت

[1] سۈرە ئەنئام، 33 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەھزاب، 21 ـ ئايەت.

[3] سۈرە قەلەم، 4 ـ ئايەت.

[4] ئىمام ئەھمەد: «مۇسنەدى ئەھمەد»، 24645 ـ ھەدىس.

[5] ئەلائۇددىن ئەلى مۇتتەقىي: «كەنزۇل ئۇممال»، 31895 ـ ھەدىس.

ۋە دىيالوگ ئەخلاقىنى تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن: «(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۈسلۇبتا گۈزەل ۋەز - نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن»[6]. ھېكمەتلىك ئۈسلۇبتا، گۈزەل سۆزلەر بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىش دەۋەتنىڭ ئۇنۇم بېرىشى ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق گۈزەل ئۈسلۇبى بىلەن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىشتا ئۇتۇق قازانغان زاتتۇر. ئاللاھ تائالا يەنە ئۇ زاتقا يەھۇدىيلار، خىرىستىيانلار ۋە بارلىق كاپىرلار بىلەن مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۈسلۇبىنى تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن: «(ئى مۆئمىنلەر!) ئەھلى كىتاب بىلەن ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتىلا مۇنازىرىلىشىڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زالىملار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلارغا ئېيتىڭلاركى، بىز ئۆزىمىزگە نازىل قىلىنغان (قۇرئان) غا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان (كىتابلار) غا ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر، بىز ئۇ ئىلاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز»[7].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاقى بىلەن سۆھبەتداشلىرىنى ئۆزگىچە رام قىلىۋالاتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم سۆھبەتلەشكەن ئادەم قايتا سۆھبەتلىشىشنى ئارمان قىلاتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ سۆھبىتىگە تويمايتتى. چۈنكى، ئۇ بىراۋ بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتمەيتتى ۋە بۇنداق قىلىشنى ئەدەپسىزلىك دەپ بىلەتتى. سۆزلەۋاتقان كىشىدىن ھېچقاچان يۈزىنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋالمايتتى، سۆزىنى زەن قويۇپ ئاڭلايتتى. باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزىنى بۆلۈشتەك ئەدەپسىزلىكىگىمۇ ئاچچىقلاپ قالمايتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىيالوگ ئەخلاقىدىن بەزى ئۆرنەكلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىشتىكى ئەخلاقى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ھېكمەت ۋە شەپقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولاتتى. تۆۋەندە بۇ ھەقتە بىرقانچە مىسالغا قاراپ باقايلى:

1. ياخشى گەپ قىلىش، بولمىسا سۈكۈت قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن بىرى ئاز

[6] سۈرە نەھل، 125 - ئايەت.
[7] سۈرە ئەنكەبۇت، 46 - ئايەت.

سۆزلەش، كۆپ ئاڭلاش ئىدى. ھەتتا ساھابىلىرىگە تەلىم بېرىپ: «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە، ياخشى گەپ قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن»[8] دەيتتى.

2. يۇمشاق ۋە سىلىق سۆزلەش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خاتالىق سادىر قىلغانلارغىمۇ يۇمشاق سۆز قىلاتتى، ناھايىتى مۇلايىم بولاتتى. چۈنكى، قۇرئان كەرىم: «كىشىلەرگە چىرايلىق سۆز قىلىڭلار»[9] دەپ كۆرسەتكەن.

بىر كۈنى تاغلىق ئەرەبلەردىن بىرى مەسچىتكە كىرىپ سىيىپ قويىدۇ. ساھابىلەر ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇنى مەسچىتتىن چىقىرىۋەتمەكچى بولىدۇ. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «توختاڭلار، ئىشىنى تۈگىتىۋالسۇن، ئۇ سىيىپ قويغان يەرگە بىر چېلەك سۇ تۆكۈۋېتىڭلار» ــ دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەمنى يېنىغا چاقىرىپ:

ــ «بۇ مەسچىتلەرنى سىيىش ۋە باشقا قانداقتۇر بىرەر نىجاسەت بىلەن بۇلغاش توغرا بولمايدۇ. بۇ مەسچىتلەر پەقەت ئاللاھنى زىكىر قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئۈچۈندۇر»[10] ــ دەيدۇ.

3. زەن قويۇپ ئاڭلاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقانداق ئادەمنىڭ سۆزىنى ئاخىرىغىچە سەۋر قىلىپ ئاڭلايتتى، ھەرگىز سۆزىنى بۆلۈپ قويمايتتى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچكىمنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتمەيتتى، تاكى سۆزىنى تاماملىغۇچە سەۋر قىلاتتى»[11].

4. ئەڭ چىرايلىق، چۈشىنىشلىك سۆزلەرنى تاللاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىگەندە ھەمىشە ئەڭ سىلىق، ئەڭ مۇلايىم ئىبارىلەرنى تاللايتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى دانمۇدانە، ھەربىر ئاڭلىغان كىشى چۈشىنەلەيدىغان شەكىلدە ئىدى»[12].

5. چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ماختاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر كىشىنى تەرىپلىمەكچى بولغاندا، ئۇنى ئىسمى، تەخەللۇسى ياكى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىسمى

[8] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[9] سۈرە بەقەرە، 83 ـ ئايەت.
[10] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[11] ئىمام تەبەرىي رىۋايەت قىلغان.
[12] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

بىلەن چاقىراتتى. بىراۋنىڭ خاتالىقىغا ئەسكەرتىش بەرمەكچى بولغاندا: «نېمىشقىدۇر بەزى كىشىلەر مۇنداق - مۇنداق قىپتۇ؟»[13] دەيتتى ۋە ھېچكىمنىڭ خاتالىقىنى يۈزىگە سالمايتتى.

6. كەمتەر بولۇش، ھەركىمگە لايىقىدا كۆڭۈل بۆلۈش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىغىلىشلاردا نەدە بوش ئورۇن بولسا، شۇ يەردە ئولتۇراتتى؛ ھەممەيلەنگە ئوخشاش ئەھمىيەت بېرىپ، چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ گەپ قىلاتتى؛ شۇڭا، ھەممە كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

7. يامان سۆزگىمۇ چىرايلىق جاۋاب بېرىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاقارەتكە ھاقارەت بىلەن جاۋاب بەرمەيتتى، بەلكى ئەپۇ قىلاتتى. تاغلىق بىر ئەرەب ئۇنى ئەيىبلىگەندە: «ئى ئاللاھ! قەۋمىمنى مەغپىرەت قىلغىن، چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ»[14] دەپ دۇئا قىلغان ئىدى.

8. ئىخچام، مېغىزلىق گەپ قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى ئىخچام، مەزمۇنلۇق قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ زاتنىڭ سۆزلىرىدىن ھەركىم ھۇزۇر ھېس قىلاتتى، مەقسەتنى دەرھال چۈشىنەلەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماڭا ئىخچام، مېغىزلىق سۆزلەش قابىلىيىتى بېرىلدى»[15] دەيتتى.

9. تەبەسسۇم بىلەن گەپ قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەركىمگە ئوچۇق چىراي ئىدى، تەبەسسۇم بىلەن باقاتتى، بولۇپمۇ گەپ قىلغاندا خۇشخۇيلۇق بىلەن گەپ قىلاتتى. باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇپ: «مۇئمىن قېرىندىشىڭغا تەبەسسۇم قىلىشىڭ سەدىقىدۇر»[16] دەپ تەلىم بېرەتتى.

10. ئاچچىقلانماسلىق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە سۆز قىلغاندا قەتئىي ئاچچىقلانمايتتى، ھەتتا قارشى تەرەپ ئەدەپسىزلىك قىلغان تەقدىردىمۇ ئاچچىقلانمايتتى، سىلىق تۈزىتىش بېرەتتى. بىر ئادەم نەسىھەت قىلىشنى ئۆتۈنۈپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا: «ئاچچىقلانمىغىن!»[17] دېگەن.

[13] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[14] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.
[15] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[16] ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.
[17] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇتبە بىلەن قىلىشقان سۆھبىتى

قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇتبە ئىبنى رەبىئە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بېقىش ۋە ئۇنىڭغا بىرقانچە تەكلىپ بېرىش، ناۋادا مەزكۇر تەكلىپلەردىن بىرەرسىنى بولسىمۇ قوبۇل قىلىپ قالسا، ئۇنىڭغا خالىغىنىنى بېرىپ، بۇ دەۋەتتىن توختىتىش توغرىسىدا قۇرەيشلەردىن رۇخسەت سورىدى. قۇرەيشلەر ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى ۋە ئۇنى ئۆزلىرىگە ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇتبە رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇنۇلارنى ئېيتتى:

– ئەي قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سىزمۇ بىلىسىز، سىز بىزنىڭ ئىچىمىزدە ھەقىقەتەن يۇقىرى ئابرۇيلۇق، مەرتىۋىڭىز يۇقىرى كىشى. سىز قەۋمىڭىزگە شۇنداق بىر ئىشنى ئېلىپ كەلدىڭىزكى، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزدىڭىز، ئۇلارنى ئەقىلسىز دېدىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنى ۋە ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنىنى ئەيىبلىدىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كۇفۇرلۇق دېدىڭىز. شۇڭا، مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، مەن سىزگە بىرقانچە تەكلىپ بېرىمەن. بۇ ھەقتە ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىڭ، بەلكىم ئۇنىڭ بىرەرسىنى بولسىمۇ قوبۇل قىلىپ قالارسىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاڭلاپ:

– «ئى ئەبۇلۋەلىد! قېنى ئېيتقىن، قۇلىقىم سەندە» – دېدى. ئۇتبە داۋاملاشتۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۆۋەندىكىدەك تەكلىپلەرنى بەردى:

– ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ئەگەر سىز بۇ ئىشلارنى مال – دۇنيانى دەپ قىلغان بولسىڭىز، بىز سىزگە كۆپلەپ مال – دۇنيا يىغىپ بېرىپ، سىزنى ئارىمىزدىكى ئەڭ باي كىشىلەردىن قىلىۋېتەيلى؛ ئەگەر مەرتىۋىنى كۆزلەپ قىلغان بولسىڭىز، سىزنى ئۆزىمىزگە باش قىلايلى، سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئالماي تۇرۇپ ھېچ ئىشتا قارار چىقارمايلى؛ ئەگەر پادىشاھ بولغۇڭىز بولسا، سىزنى ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلايلى؛ ناۋادا سىزدىكى ئىللەت جىن – شەيتانلارنىڭ ئاپتىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئامالسىز قېلىۋاتقان بولسىڭىز، جىنكەش تەكلىپ قىلىپ سىزگە ئوقۇتايلى، تاكى سىز ساقايغۇچە قانچىلىك

بەدەل تۆلىسەكمۇ مەيلى.

ئۇتبە سۆزنى ئاياغلاشتۇرۇپ توختىتۇۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «ئەي ئەبۇلۋەلىد! دەيدىغىنىڭنى دەپ بولدۇڭمۇ؟» — دەپ سورىدى، ئۇتبە:

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى.

— «ئۇنداقتا، سەنمۇ مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن!».

— بولدۇ.

يۇقىرىقىدەك دىيالوگلاردىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «فۇسسىلەت سۈرىسى»نىڭ باش تەرىپىدىن بىرقانچە ئايەتنى ئوقۇدى. ئۇتبە رەسۇلۇللاھنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ جىمجىتلىققا چۆمدى. ئىككى قولى بىلەن كەينىگە تايىنىپ رەسۇلۇللاھنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدە ئايىتىگە يېتىپ بارغان چاغدا سەجدىگە باش قويدى. ئاندىن:

— «ئى ئەبۇلۋەلىد! ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئاڭلىغان بولساڭ، ئەھۋال مانا مۇشۇ!» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇتبە ئورنىدىن تۇرۇپ قەۋمىنىڭ قېشىغا ماڭدى. ئۇنىڭغىچە ئۇلار بىر ـ بىرىگە:

— قەسەم قىلالايمىزكى، ئەبۇلۋەلىد چوقۇم ئۆزگىرىپ كېلىدۇ، — دېيىشىپ ئولتۇرۇشقان ئىدى. ئۇتبە كېلىپ ئولتۇرۇۋىدى، ئۇلار:

— ئى ئەبۇلۋەلىد، قانداق خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراشتى. ئۇتبە مۇنۇلارنى ئېيتتى:

— قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ ئېلىپ كەلگىنىم ئىلگىرى قەتئىي ئاڭلاپ باقمىغان تەسىرلىك سۆزلەر. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ شېئىرمۇ ئەمەس، سېھىرمۇ ئەمەس، جىنكەشلىك تېخىمۇ ئەمەس. ئەي قۇرەيش جامائەسى! مېنىڭ سۆزۈمگە كىرىپ، بۇ ئادەمنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن!

قۇرەيشلەر ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— ئەزبىرايى خۇدا، مۇھەممەد سېنى تىلى ئارقىلىق ئۆزىگە رام قىلىۋاپتۇ، — دېيىشتى. ئۇتبە ئۇلارغا:

— بۇ مېنىڭ قارىشىم. ئۇنداق بولسا، ئۆزۈڭلار بىلگىنىڭلارنى قىلىڭلار! — دېدى[18].

[18] ئىبنى ھىشام: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى»، 1 ـ توم، 293 ــ 294 ـ بەتلەر.



# ئىسلاھاتچى ئالىم ئابدۇلھەمىد دامولامنىڭ دەۋەت پائالىيەتلىرى

ئۇستاز ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي

## ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭ قىسقىچە ھاياتى:

ئۇستاز ئابدۇلھەمىد داموللام 1936 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى كونا شەھەر ناھىيەسى بۇلاقسۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1949 - يىلىغا قەدەر تاشمىلىقتا ئىسمائىل مەۋلەۋىدە بىلىم ئالغان، ئاندىن قەشقەر شەھەر چاسا رايونىدىكى جانقورغان مەھەللىسىگە كۆچۈپ كەلگەن.

ئابدۇلھەمىد داموللام ئىسلاھات دەۋىتىنى 1982 - يىلى باشلىغان، جۈمە كۈنىدىكى ۋەز - تەبلىغلەرنى شۇ زاماندىن تارتىپ ئاممىباب ئۇيغۇر تىلىدا قىلىشقا باشلىغان. 1984 - يىلدىن 1997 - يىلغىچە توققۇزتاش جامەسىدە ئىمام - خەتىپلىك ۋەزىپىسى ئۆتىگەن. 13 يىل جەريانىدا جەمئىيەت موھتاج بولۇۋاتقان ھەر خىل تېمىلاردا 600 قېتىمدىن كۆپرەك خۇتبە سۆزلىگەن، كۆپلىگەن خۇتبىلىرى ئۈنگە ئېلىنىپ، كەڭ تارقىتىلغان. ئۇ جانقورغان مەسچىتىدە 1980 — 1992 - يىللىرى ئارىسىدا شەرئىي ئىلىملەر بويىچە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەندىن سىرت، باللىرىنى ئەرەبىستاندا ئىسلامىي بىلىملەردە ئوقۇتقان.

ئابدۇلھەمىد داموللام ئېسىل ئەخلاقلىق، ناتىق كىشى بولۇپ، تولىمۇ كەمتەر، مېھرىبان، ئېغىر بېسىق، كەڭ قورساق، خۇشخۇي، سۆزى تەسىرلىك، تەنقىد ۋە مالامەتتىن قورقمايدىغان، جەسۇر، ئىرادىلىك، يىراقنى كۆرەر، دىنىمىزنىڭ پرىنسىپال مەسىلىلىرىدە چىڭ تۇرىدىغان، مەيدانى ئېنىق ئالىم ئىدى.

ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭ ئۇستازلىرى:

ئابدۇلھەمىد داموللام قەشقەردە تۆۋەندىكى داڭلىق ئالىملاردا بىلىم ئالغان:

1. ھىندىستاندا ئوقۇپ كەلگەن ئىسمائىل مەۋلەۋى؛

2. خانلىق مەدرىسەنىڭ پېشقەدەم ئۇستازلىرىدىن هاشىماخۇن داموللامنىڭ شاگىرتى ئۇستۇن ئاتۇشلۇق مۇھەممەد داموللام؛

3. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ جىيەنى ئاتۇشلۇق زەينۇلئابىدىن مەۋلەۋى؛

4. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خاتىپى ئابدۇرېشىت قارىهاجىم. ئابدۇرېشىت قارىهاجىم بىرقانچە تىلنى پىششىق بىلىدىغان ئالىم بولۇپ، «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»نى هازىرقى زامان تىلىغا ئۆرۈشكە قاتناشقان ئالىملاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

مەنىۋى ئۇستازلىرى:

5. بۈيۈك تاتار ئالىمى مۇسا جارۇللاھ؛

6. يېقى ئويغىنىش هەرىكىتىنىڭ بايراقدارى مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە رەشىد رىزا.

## ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭ ئىسلاھات پائالىيەتلىرىدىكى ئاساسىي نۇقتىلار

1. ئەقىدە ئىسلاھاتى:

ئابدۇلھەمىد داموللام ئەقىدە ئىسلاھاتىنى بىرىنچى نىشان قىلىپ، ئەقىدىنىڭ روھىنى تىرىلدۈرۈشكە ۋە قەلبنى پاكلاشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى يېقىنقى ياراتقۇچى ئىسلاھاتچى ئالىملارنى ئۈلگە قىلغان ھالدا، ئېتىقاد ۋە ئىبادەتلەرنى كۈندىلىك ئىجتىمائىي ھاياتقا باغلاپ چۈشىنىشكە دەۋەت قىلغان. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئەقىدە مەسىلىلىرى پەقەت قەلبتە ئېتىقاد قىلىپ، ئېغىزدا سۆزلەپ قويىسىلا بولىدىغان نەرسە ئەمەس ئىدى، بەلكى ئېتىقادنى كۈندىلىك ئىش ـ ھەرىكەتكە ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشقا باغلاپ، ئاكتىپلاشتۇرۇشنى تەقەززا قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ مۇسۇلمانلاردا ئاللاھنىڭ ھەققى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھەققىنى تەڭ ئادا قىلىدىغان گۈزەل ئەخلاق بەرپا قىلىشنى كۆزلەپ دەۋەت ئېلىپ بارغان. ئۇ ئىسلاھات دەۋىتىدە ياشلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ئۇلارنى ئەتراپىغا يىغىپ، ئىبادەتكە باغلاشتا ۋە ئۇلاردا مىللىي روھ تىرىلدۈرۈشتە دولقۇن ياراتقان.

ئابدۇلھەمىد داموللام ئىسلاھات دەۋىتىدە ئىسلام دۇنياسىدا تونۇلغان بۈيۈك ئالىم رەشىد رىزانىڭ ئىسلاھات روھىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھەمدە ئۇنىڭ ئىسلامنى بىر پۈتۈن ھايات تۈزۈمى سۈپىتىدە چۈشىنىش ھەققىدىكى قاراشلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا تىرىشقان. ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭ ھىندىستاندا ئوقۇپ كەلگەن ئىككى مەۋلەۋىدە ئوقۇغانلىقى، رەشىد رىزا ۋە مۇسا جارۇللاھتەك

مۇتەپەككۇر ئىككى شەخسنى مەنىۋى ئۇستاز تۇتقانلىقى ئۇنىڭ ئەقىدە، پىكىر، تەلىم - تەربىيە ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتلىرىدە ئىسلاھات يولىنى تۇتۇپ مېڭىشىغا تۈرتكە بولغان. ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئىسلام ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇشقا، ئەقىدىنى ساغلام چۈشىنىشكە، ئەقىدىنى ئاكتىپلاشتۇرۇشقا ۋە ئەقىدە روھىغا ئەمەل قىلىشقا دەۋەت قىلغان. شۇنىڭدەك ئىسلامنىڭ ئەسلىي مەنبەسى بولغان قۇرئان ۋە سۈننەتكە چىڭ ئېسىلىپ، كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان. بۇ سەۋەبتىن، مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئېتىقادىدىكى تەۋھىد ھەقىقەتلىرىگە زىت كېلىدىغان، ئەقىدىنىڭ روھىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ قويىدىغان داخان ۋە باخشىلارغا ئىشىنىپ كېتىش، قەبرە ۋە ماشايىخلاردىن ياردەم تىلەشكە ئوخشاش بىدئەت ۋە خۇراپاتلارنى ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشقان. ئۇ ئەقىدىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھاياتتىكى تەسىرى ھەققىدە توختىلىپ: «ئەقىدىمىز ساغلام ۋە ئاكتىپ بولىدىغانلا بولسا، ئاللاھ بىزگە ئاسمان - زېمىننىڭ بايلىقلىرىنى ئېچىپ بېرەتتى، ئۇ چاغدا زېمىننىڭ بايلىقلىرىغا ئىگە بولالايتتۇق، ئاسماندا ئەركىن ئۇچىدىغان ئايروپىلانلىرىمىز بولاتتى» دېگەن سۆزنى كۆپ تەكرارلايتتى.

2. مائارىپ ئىسلاھاتى:

ئىسلاھات ۋە جەدىتچىلىك روھىغا ئىگە ئىسلاھاتچى ئالىم ئابدۇلھەمىد داموللام مىللىتىمىزنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى بولغان تەلىم - تەربىيە ۋە مائارىپ ھەرىكىتىنى ئىسلاھ قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان، ئىسلامنى ساغلام چۈشىنىش ئۈچۈن ئەقىل ئىشلىتىشكە ۋە ھەرقايسى ساھەدە ئىلىم - مەرىپەت ئېلىشقا قىزىقتۇرغان. ياشلار ۋە ئاياللارغا تەلىم - تەربىيە بېرىشتە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان، دىنىي مائارىپ بىلەن پەننىي مائارىپنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭغان. بۇ يولدا ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئوغۇل - قىزلارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن، 1989 - يىلى قەشقەر خەلق باشقۇرۇشىدىكى تۇنجى تىل ۋە تېخنىكا ئاقارتىش مەكتىپىنى ئاچقان. بۇ مەكتەپ ئۈچ قەۋەتلىك، 14 سىنىپتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، يىراقتىن كەلگەن قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار يېتىپ - قوپىدىغان ئىككى قەۋەتلىك ياتاقلىرىمۇ بار ئىدى.

بۇ مەكتەپ شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا نىسبەتەن ئەڭ ئۈنۈملۈك دىنىي ۋە مىللىي روھقا ئىگە، بىردىنبىر كەسپلەشكەن خەلق مەكتىپى ھېسابلىناتتى. بۇ مەكتەپ كۆپچىلىك مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا

ئېرىشكەن، ئۇيغۇر مائارىپ ساھەسىدىكى مائارىپچىلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە سازاۋەر بولغان، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋە نىزامىدىن ھۈسەينگە ئوخشاش ئىلغار زىيالىيلارغا قەدەر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ مەكتەپ دىنىي ۋە مىللىي ئاڭغا ئىگە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئەرەبچە، ئىنگلىزچە، ئوردۇچە ۋە خىتايچە قاتارلىق تۆت خىل چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىشىگە ھەمدە دوختۇرلۇق، سېستىرالىق، چىش دوختۇرلۇق... ساھەلىرىدە يېتىشىپ چىقىشىغا باشلامچىلىق قىلغان. ئابدۇلھەمىد داموللام يەنە زامانىۋى تېببىي ئەسلىھەلەرگە ئىگە شەھەرلىك تىل - تېخنىكا مەكتەپ دوختۇرخانىسى ئېچىپ، يوقسۇللارنىڭ ھەقسىز داۋالىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان.

بۇ مەكتەپ ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ، بىلىملىك، ۋىجدانلىق مۇسۇلمان ياشلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر خەلقىگە مىللىي مائارىپتا باشلامچىلىق قىلغان، شۇنداقلا خەلقىنىڭ تۈرلۈك ھايات ساھەلىرىدە ھەققىي ئىسلامىي ئاڭغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان.

3. ئىجتىمائىي ئىسلاھات دەۋىتى:

ئىسلاھاتچى ئابدۇلھەمىد داموللام جەمئىيىتىمىزدىكى ئۆرپ - ئادەت، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئائىلىۋى مەسىلىلەردە دەسلەپكى سائادەت دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلاردەك سەممىي بولۇش، ئاڭلىق بولۇش، ئاددىي - ساددا بولۇش، جۇشقۇن بولۇش، ياسالمىلىق قىلماسلىق ۋە رىيا قىلماسلىققا ئوخشاش ئىسلامنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى تەتبىقلاشقا كۈچەپ تەشۋىق قىلغان. جەمئىيىتىمىزدىكى توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ۋە باشقا ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردىكى ناچار ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى، كىشىلەرگە ئىقتىسادىي بېسىم پەيدا قىلىدىغان ئېغىر مېھماندارچىلىقلارنى تۈزىتىشكە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان ۋە بۇ ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى تۈزىتىشتە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى ئاساس قىلىپ، جەمئىيەتكە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

4. ھالالدىن پۇل تېپىش ۋە سانائەتلىشىش تەشەببۇسى:

ئىسلاھاتچى ئابدۇلھەمىد داموللام خەلقنى ھالال يولدىن ئىگىلىك تىكلەشكە، تىجارەت ئەخلاقىغا رىئايە قىلىشقا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۈكسىلىشكە ۋە سانائەتلىشىشكە دەۋەت قىلغان؛ گۇرۇپپىلىشىپ تىجارەت قىلىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، تىجارەت ساھەسىدە باشقا

مىللەتلەردىن زېرەك بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى خۇتبىلىرىدە كۆپ قېتىم ئەسكەرتكەن. ئىسلامنىڭ سانائەتلىشىشكە بولغان مەيدانىنى ئەمەلىي كۆرسىتىش ۋە مىللىتىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىنى بۇ ساھەدە ئۆز ئېھتىياجىنى قامداپ كېتەلەيدىغانلىقىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، باشقىلار بىلەن شېرىكلىشىپ شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە يېڭىلىق ھېسابلىنىدىغان مىخ زاۋۇتى قۇرۇپ چىققان. ھالالدىن پۇل تېپىشقا دەۋەت قىلىش بىلەن بىرگە، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن زاۋۇت - كارخانىلارنى قۇرۇش، زاۋۇتلاردا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق مەنپەئەتلىك شەخس بولۇشقا تەشەببۇس قىلغان.

5. پىكىر ۋە دەۋەت يۆنىلىشى:

جەدىتچىلىك روھىغا ئىگە ئابدۇلھەمىد داموللام دەۋەت ۋە تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىسلاھاتچى ئالىملارنىڭ يېڭىچە ئۇسلۇبى بويىچە ئېلىپ بارغان، پىكرىي جەھەتتە ئاساسەن دېگۈدەك مۇسا جارۇللاھ ۋە رەشىد رىزانى يېتەكچى ئۇستاز تۇتۇپ ماڭغان. بۇلاردىن باشقا، ئىسلام دۇنياسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن مۇتەپەككۇر ئالىملارنىڭ قاراشلىرىدىنمۇ يىراق قالمىغان. 90 - يىللاردىن كېيىن، مەخپىي ئوقۇتۇش باسقۇچىدا ئەللامە يۇسۇف قەرەداۋى ۋە شەيخ ئابدۇلمەجىد زىندانىينىڭ كىتابلىرىنى دەرسلىك قىلغان.

ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭ دەۋىتىنى مۇنداق تۆت نۇقتىدا خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

1. ئېتىقادنى ساپلاشتۇرۇش ۋە ئاكتىپلاشتۇرۇش؛

2. سۈننەتكە ئەھمىيەت بېرىش؛

3. تەلىم - تەربىيە ۋە مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش؛

4. ئىجتىمائىي ئىسلاھات دەۋىتى ئېلىپ بېرىش؛

5. ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش ۋە كارخانا قۇرۇشقا تەشەببۇس قىلىش.

## ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭ ئىسلاھات دەۋىتىگە تەسىر يەتكۈزگەن سەلبىي نۇقتىلار

ھەرقانداق ئىسلاھاتچى ئۆلىمانىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرى بولىدۇ. ئىسلاھاتچى ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭ ئىسلاھات دەۋىتىدىكى سەلبىي نۇقتىنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، داموللامنىڭ نامازدا «ئامىن»نى ئۈنلۈك دېيىش ۋە رۇكۇنىڭ ئالدى - كەينىدە قول كۆتۈرۈش (رەفئۇل يەدەيىن

قىلىش) كە ئوخشاش تارماق ئىشلارنى (گەرچە ئىسلامدا ئاساسى ۋە دەلىلى بولسىمۇ) دىيارىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ئادەتلەنمىگەن ۋە خەلقنىڭ ئېڭى ئېچىلمىغان بىر ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويۇشى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويغان ھەمدە ئۇستازنىڭ ئىسلاھات دەۋىتىنىڭ ۋەتىنىمىزدە تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك تارقىلىشىغا قىسمەن توسالغۇ بولغان.

ئىككىنچى، تويى - تۆكۈن ۋە نەزىر - چىراغ سورۇنلىرىدا ئاخۇنۇملار ۋە چوڭلارغا پۇل قويۇش ۋە ئېلىشنى (ئۆلىمالىقنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە ئېتىبارىنى قوغداش يۈزىسىدىن) تەنقىدلەش سەۋەبلىك ئۇلارنى خاپا قىلىپ قويغان.

## خۇلاسە

ئىسلاھات ۋە جەددىتچىلىك روھىغا ئىگە، ئىسلاھاتچى ئالىم ئابدۇلھەمىد داموللام 1982 - يىلىدىن تارتىپ ئەقىدە، مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردە ئىسلاھات دەۋىتى ئېلىپ بارغان. 1997 - يىلىدا خاتىپلىقتىن ئېلىپ تاشلانغان، مەكتىپى ۋە دوختۇرخانىسى «بۆلگۈنچى ۋە ئىسيانچىلارنى يېتىشتۈرۈۋاتىدۇ» دېگەن قالپاق بىلەن تاقالغان. 1997 - يىلىدىن 2017 - يىلىغىچە 20 يىل جەريانىدا ئۆيىدە نەزەربەند قىلىنغان ۋە بارلىق ئىلمىي پائالىيەتلىرى كوممۇنىست تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن چەكلەنگەن.

ئابدۇلھەمىد داموللام زالىم كوممۇنىستلار ئالدىدا ھەر تۈرلۈك بېسىملارغا قەتئىي بويۇن ئەگمىگەن، زالىملار بىلەن قەتئىي ھەمكارلاشمىغان ۋە شۇنچىۋالا بېسىم ئاستىدىمۇ ھەق بىلەن باتىل ئارىسىدىكى كۈرەش مەيدانىدىن قەتئىي ۋاز كەچمىگەن. مەسىلەن، 1997 - يىلى خاتىپلىقتىن ئېلىپ تاشلىنىپ، مەكتىپى تاقالغاندا كوممۇنىستلار ئابدۇلھەمىد داموللامغا «سىياسىي كېڭەشكە ئەزا بولسا، خاتىپلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھەتتا ھېيتگاھ جامەسىگە خاتىپ قىلىش» تەكلىپىنى سۇنغاندا، داموللام بۇ تەكلىپلەرنى رەت قىلغان. 80 ياشقا كىرىپ قالغان ئابدۇلھەمىد داموللام 2017 - يىلىنىڭ بېشىدا تۈرمىگە تاشلانغان ۋە 2021 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۈرمىدە شېھىت قىلىنغان.

جانابى ئاللاھ يېقىملىق يارىتىش روھىغا ئىگە، ئىسلاھاتچى ئالىم ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭ بارلىق ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلسۇن، كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلسۇن، قىيامەت كۈنى ئۇنى پەيغەمبەرلەر، شېھىتلار ۋە سالىھلار بىلەن بىر سەپتە قىلسۇن، ماقامىنى ئۈستۈن قىلسۇن ۋە فىردەۋس جەننىتى ئاتا قىلسۇن!



# «چىراي تۇرۇش» سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىسلامىي پرىنسىپ

د. تۇردىمۇھەممەد ئابدۇللاھ

## قىسقىچە مەزمۇنى[1]

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بۈيۈك ئىنقىلابلار بەزىدە كىشىلەر ئاددىي چاغلىغان كىچىك ۋەقەلەردىن باشلىنىدۇ. سۈرە «ئەبەسە»دە تىلغا ئېلىنغان «چىراينى تۇرۇش» مەسىلىسى بۇ نۇقتىئىنەزەرنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش كاتتىباشلىرىغا دەۋەت قىلىۋاتقان جىددىي پەيتتە نامرات، ئەما ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنىڭ سۆزىنى بۆلۈشىگە چىراينى تۇرۇشى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا «كەللا»، يەنى «ھەرگىز ئۇنداق قىلما!» دەپ كۈچلۈك تەنبىھ بېرىشىگە سەۋەب بولدى. بۇ ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇش پەقەت بىر كىشىگىلا بېرىلگەن تەنبىھ بولماستىن، يەر يۈزىدىكى بارلىق ساختا قىممەت قاراشلارنى چۈرۈپ تاشلاپ، ئورنىغا «تەقۋادارلىق»تىن ئىبارەت ئىلاھىي مىزاننى تىكلىگەن بۈيۈك دەستۇر ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈك ئەخلاقى شۇ يەردە گەۋدىلەندىكى، ئۇ زات ئۆزىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن بۇ ئايەتلەرنى قىلچە يوشۇرماي، پۈتۈن ئۇممەتكە يەتكۈزدى ۋە بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ھاياتىدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە تەتبىقلىدى. ئۇ زات خاتالىقىنى تۈزىتىش بىلەنلا قالماي، ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى كۆرگەندە: «رەببىم ئۇنىڭ سەۋەبىدىن مېنى ئەيىبلىگەن كىشىگە مەرھابا!» دەپ قىزغىن قارشى ئالىدىغان، ھەتتا سەپەرگە چىققاندا ئۇنى ئورنىغا ۋالىي قىلىپ قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ھۆرمەتلىدى. بۇ ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى ئۆگەتتىكى، ئىنساننىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئىرقى، مىللىتى، نەسەبى ياكى مال - دۇنياسى بىلەن

[1] ئاپتور كوجائەلى ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېرىيال ئىنژېنېرلىقى بۆلۈمىدە ئوقۇتقۇچى.

ئەمەس، بەلكى قەلبىدىكى ئىمانى ۋە تەقۋادارلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ پىرىنسىپ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يادرولۇق مىزانىغا ئايلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سابىق قۇللارنى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى بەزىدە قوشۇننىڭ باش قوماندانلىقىغا ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم مەنسەپلىرىگە تەيىنلەش ئارقىلىق، جاھىلىيەتنىڭ جەمەتۋازلىق تاملىرىنى يىقىپ تاشلىدى. نەۋرە سىڭلىسى زەينەب بىنتى جەھشنى ئۆزىنىڭ سابىق قۇلى زەيد ئىبنى ھارىسەگە نىكاھلاپ بېرىشى، سابىق قۇل جۇلەيبىبنىڭ جەسەتىنى قۇچىقىدا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ: «بۇ مەندىندۇر، مەن ئۇنىڭدىندۇرمەن» دېيىشى، پارس مىللىتىدىن بولغان سەلمان پارىسىينى پەيغەمبەر جەمەتىدىن دەپ جاكارلىشى... قاتارلىقلار بۇ تەتبىقاتلارنىڭ جانلىق كۆرۈنۈشلىرى ئىدى. قىسقىسى، «چىراي تۇرۇش» ۋەقەسى ئىسلامنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى سىنىپىي ئايرىمچىلىقنى يىلتىزىدىن رەت قىلىدىغان، كەسكىن ئادالەت مىزانىنى جاكارلايدۇ.

## «كىچىككىنە بىر ۋەقە»گە بېغىشلانغان ئايەتلەر

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئىسىملىك بىر ئەما ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە تەسىر كۈچىگە ئىگە بىر تۈركۈم شەخسلەر بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە رەبىئەنىڭ ئوغۇللىرى ئۇتبە ۋە شەيبە، ئەبۇ جەھل ئىبنى ھىشام، ئۇمەييە ئىبنى خەلەف، ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە قاتارلىق قۇرەيش كاتتىباشلىرى بار ئىدى. بۇ ئىنتايىن ھالقىلىق ئۇچرىشىش بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىسلامنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى ۋە ئۇلاردىن ئىجابىي ئىنكاس كۈتۈۋاتاتتى. ئۇ «ئەگەر بۇ كىشىلەر ئىسلامنى قوبۇل قىلسا، ئىسلامنىڭ يېيىلىشى ئۈچۈن زور پايدىسى بولىدۇ» دەپ ئويلايتتى.

ئۇ چاغدا مەككىدە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى. دەل ئاشۇ كىشىلەر بارلىق مال - مۈلكى، كۈچ - قۇدرىتى ۋە تەسىرىنى ئىسلامنىڭ تارقىلىشىنى توسۇشقا، كىشىلەرنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىنى چەكلەشكە سەرپ قىلىۋاتاتتى. ئۇلار مەككىدە ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىپ، باشقا جايلارغا كېڭىيىشىگە پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتاتتى.

مەككىنىڭ سىرتىدىكى باشقا قەبىلىلەر بولسا «كۆزىتىش» پوزىتسىيەسىنى تۇتۇۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇلار قەبىلىنىڭ پوزىتسىيەسىگە ئىنتايىن زور ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بىر جەمئىيەتتە شۇنداق قىلىشنى ئەڭ ياخشى چارە دەپ قارايتتى. ئۇلار شۇنى بىلىپ تۇراتتىكى، ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇۋاتقانلار دەل ئۇنىڭ ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئىدى. ھالبۇكى، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلار ئۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوللىغۇچىلىرى بولۇشى كېرەك ئىدى.

بۇ نۇقتىدا شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ كىشىلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشىدا ھېچقانداق شەخسىي مەنپەئەتى يوق ئىدى. ئۇ پەقەت ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتاتتى. چۈنكى، ئاشۇ تەسىر كۈچىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى مەككىدە ئىسلام يولىدىكى بارلىق توسالغۇلارنىڭ يوقىلىشى، شۇنداقلا ئىسلامنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىمۇ ئەركىن يېيىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش دېگەنلىك ئىدى.

ئەنە شۇنداق ھالقىلىق بىر سۆھبەت بولۇۋاتقان پەيتتە مەزكۇر ئەما كىشى كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— ئەي رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ سىزگە ئۆگەتكەن ئايەتلەردىن ماڭىمۇ ئۆگىتىپ قويسىڭىز، — دەيدۇ. ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، تەلىپىنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنىڭ بۆلۈنۈشىنى ياقتۇرمايدۇ ۋە چىرايىنى تۈرۈپ، ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب ئىسلام ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر بولغان قوللاشقا ئېرىشىشتىكى زور قىزغىنلىقى ئىدى. مۇشۇنداق بىر پەيتتە، مانا مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك ئەرشىئەلادىن ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك، ئەڭ كەسكىن پىرىنسىپنى بېكىتىپ بېرىدىغان مۇنۇ ئايەتلەر نازىل بولىدۇ:

«ئۇ (پەيغەمبەر) يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن چىرايىنى پۈرۈشتۈردى ۋە يۈزىنى بۇرۇۋالدى. (ئى پەيغەمبەر!) سەن نېمە بىلىسەن؟ بەلكى ئۇ

(سېنىڭ سۆھبىتىڭ سايىسىدە گۇناھلىرىدىن) پاكلىنىپ قېلىشى ياكى ۋەز - نەسىھەت ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن. ئۆزىنى (ئىماندىن) بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن (ئۇنى ئىمان ئېيتىپ قالارمىكىن دەپ) ئۇنىڭغا يۈزلىنىسەن. ئۇ (كۇفرىدىن) پاكلانمىسا، ساڭا نېمە زىيىنى؟ ئاللاھتىن قورقۇپ سېنىڭ يېنىڭغا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا قارىماي قويىسەن. ئۇنداق قىلما! بۇ ئايەتلەر ۋەز - نەسىھەتتۇر. خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالىدۇ. بۇ (ئايەتلەر) قىممەتلىك، يۇقىرى مەرتىۋىلىك پاك سەھىپىلەرگە ھۆرمەتلىك، ياخشى پۈتۈكچى (پەرىشتە) لەرنىڭ قولى بىلەن يېزىلغاندۇر»[2].

بۇ ئايەتلەر بىزگە ئىنسانلارنىڭ (ھەتتا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ) نەزىرىدە ئىسلامنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن دەپ كۆرۈنىدىغان بەزى ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق دۇنياۋى قاراشلار نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قىممەت قاراشلىرىمىزنى ئۆلچەيدىغان يېگانە بىر تارازا بىلەن تەمىنلەيدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ قەلەم سۈرىسىدە «سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن» دەپ سۈپەتلەنگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنىشىدىكى سەۋەبمۇ دەل مۇشۇدۇر. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىگە «كەللا» «ھەرگىز ئۇنداق قىلما!» دېگەن سۆز بىلەن خىتاب قىلغان بىردىنبىر ئورۇنمۇ مۇشۇ يەردۇر. «كەللا» ـ قاتتىق ئەيىبلەش ۋە بىر ئىشتىن دەرھال توختاشقا بۇيرۇش مەنىسىدىكى سۆزدۇر. چۈنكى، بۇ يەردە دەخلى يەتكۈزۈلگەن پرىنسىپ بۇ دىنىنىڭ تۈپ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر.

بۇ تەنقىد شۇنداق ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا ئېيتىلغانكى، ئۇنى ئادەتتىكى تىلغا تەرجىمە قىلىشمۇ تەس. يېزىق تىلى مەلۇم قائىدە ۋە قېلىپلارغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغاچقا، بۇ ئايەتلەردىكى تېز سۈرئەتلىك ئۆزگىرىشلەر ۋە قىسقا جۈملىلەر بىلەن گەۋدىلەنگەن، خۇددى نەق مەيداندىكى تۇيغۇ ۋە تېز سۈرئەتلىك كۆرۈنۈشلەردەك جانلىق تەسىرىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

«ئۇ (پەيغەمبەر) يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن

[2] سۈرە ئەبەسە، 1 ـ 16 ـ ئايەتلەر.

چىرايىنى پۈرۈشتۈردى ۋە يۈزىنى بۇرۇۋالدى»[3]. بۇ يەردە «ئۇ» دەپ ئۈچىنچى شەخس ئالمىشى ئىشلىتىلىشى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يۈز بەرگەن بۇ ئىش ئاللاھ تائالاغا شۇنچىۋالا سۆيۈمسىز بولسىمۇ، ئەڭ سۆيۈملۈك ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇ مەسىلىدە بىۋاسىتە خىتاب قىلىشنى خالىمىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭ ئۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەتەن بىر رەھمەت ۋە مېھرىبانلىقتۇر. شۇنداق قىلىپ، ئەيىبلەشكە سەۋەب بولغان مەزكۇر قىلمىش ئىنتايىن نازۇك شەكىلدە بايان قىلىندى.

ئاندىن تەنقىد بىۋاسىتە ئېيتىم (خىتاب) شەكلىگە ئۆتۈپ، بىرقەدەر يۇمشاق ئىنتوناتسىيەگە يۆتكىلىدۇ: «(ئى پەيغەمبەر!) سەن نېمە بىلىسەن؟ بەلكى ئۇ (سېنىڭ سۆھبىتىڭ سايىسىدە گۇناھلىرىدىن) پاكلىنىپ قېلىشى ياكى ۋەز - نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن»[4]. يەنى سەن قانداق بىلىسەن، بەلكىم ئۇ چوڭ پايدىغا ئېرىشىپ قالار؟ سېنىڭ قېشىڭغا نۇر ئىزدەپ كەلگەن بۇ ئەما كىشى ئاللاھنىڭ تەلىماتىدىن مەنپەئەتلىنىپ، ئۆزىنى پاكلىشى مۇمكىن؛ قەلبى ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن يورۇپ، كىشىلەرنى ئامانلىققا باشلايدىغان بىر ماياكقا ئايلىنىشى مۇمكىن. ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان ھەربىر كىشىدە دەل مۇشۇنداق ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ تارازىسىدا ھەقىقىي سالماققا ئىگە بولغىنىمۇ دەل مۇشۇدۇر.

ئاندىن تەنقىد ئىنتوناتسىيەسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ: «ئۆزىنى (ئىماندىن) بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن (ئۇنى ئىمان ئېيتىپ قالارمىكىن دەپ) ئۇنىڭغا يۈزلىنىۋاتىسەن. ئۇ (كۇفرىدىن) پاكلانمىسا، ساڭا نېمە زىيىنى؟ ئاللاھتىن قورقۇپ سېنىڭ يېنىڭغا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا قارىمايۋاتىسەن»[5]. سېنىڭ دىنىڭغا، نۇرۇڭغا، ياخشىلىق ۋە پاكلىقىڭغا ئېھتىياجىم يوق دەپ ھاكاۋۇرلۇق قىلغان ئادەم سېنىڭ دىققىتىڭگە سازاۋەر بولىدۇ ـ دە، ئۇ سېنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ تۇرسا، سەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، ئىمان ئېيتقۇزۇشقا كۈچەۋاتىسەن. ئۇ پاسىق پېتى قېلىشنى تاللىسا، ساڭا نېمە زىيىنى؟ ئۇنىڭ گۇناھلىرىغا سەن جاۋابكار ئەمەسسەن، ئۇ ساڭا غەلىبە ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.

[3] سۈرە ئەبەسە، 1 ــ 2 ـ ئايەتلەر.

[4] سۈرە ئەبەسە، 3 ــ 4 ـ ئايەتلەر.

[5] سۈرە ئەبەسە، 5 ــ 10 ـ ئايەتلەر.

ئەمما، خەتەردىن قورقۇپ، قوللىرىنى ئالدىغا سوزۇپ، يولىنى تېپىشقا تىرىشىۋاتقان كىشىگە پەرۋا قىلمايۋاتىسەن.

ھەقىقىي ھىدايەت ئىزدەپ كەلگەن كىشىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك بۇنىڭدىن ئارتۇق تەسۋىرلەنمەس، ئەلۋەتتە.

بۇ يەردە ئىنتوناتسىيە تېخىمۇ كۈچىيىپ، تەنقىد ئوچۇق ـ ئاشكارا چەكلەش تۈسىنى ئالىدۇ: «كەللا» «ھەرگىز ئۇنداق قىلما!»، يەنى بۇنداق ئەھۋال قايتا يۈز بېرىپ قالمىسۇن!

ئارقىدىنلا ئىسلامنىڭ نەقەدەر شەرەپلىك، ئالىيجاناب دەۋەت ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. ئىسلام ھېچكىمنىڭ قوللىشىغا موھتاج ئەمەس. ئۇ پەقەت جەمئىيەتتىكى ئورنى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ دىنىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ، قوبۇل قىلغانلارغىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ: «بۇ ئايەتلەر ۋەز ـ نەسىھەتتۇر. خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ. بۇ (ئايەتلەر) قىممەتلىك، يۇقىرى مەرتىۋىلىك پاك سەھىپىلەرگە ھۆرمەتلىك، ياخشى پۈتۈكچى (پەرىشتە) لەرنىڭ قولى بىلەن يېزىلغاندۇر»[6].

بۇ ھەر جەھەتتىن ئالىيجاناب ھەم ئۇلۇغ ئۇچۇردۇر. ئۇنىڭ سەھىپىلىرى پاك ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولۇپ، ئۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تاللانغان، ئىنسانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان «ھۆرمەتلىك، تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى» پەرىشتىلەرگە ئامانەت قىلىنغان، شۇنداقلا ئۇ ئىنتايىن قەدىرلىكتۇر. ئۆزىنى بىھاجەت چاغلايدىغان ھەرقانداق بىرىگە بۇ ئىسلام ئۇچۇرىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن يالۋۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ پەقەت قىممىتىنى بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن پاكلىنىشنى تەلەپ قىلىدىغانلار ئۈچۈندۇر.

## قىممەت قاراشنى بەلگىلەيدىغان ئىلاھىي ئۆلچەم

بۇ يەردىكى مەسىلە پەقەت بىر شەخس ياكى مەلۇم بىر تەبىقە كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىلا ئەمەس، بەلكى مەسىلىنىڭ تۈپ يىلتىزى بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراق بىر نۇقتىدا، يەنى كىشىلەر ئەتراپىدىكى ئادەم، ۋەقە ۋە شەيئىلەرگە باھا بېرىش زۆرۈر بولغان قىممەت قاراش ۋە ئۆلچەملەرنى قەيەردىن ئېلىشى كېرەك؟ بۇ ئايەتلەر ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پرىنسىپ شۇكى، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قىممەت قاراشلىرى

[6] سۈرە ئەبەسە، 11 ـ 16 ـ ئايەتلەر.

ۋە ئۆلچەملىرىنى جەزمەن ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئىلاھىي ئاساسلاردىن ئېلىشى؛ ھېچقانداق ئىجتىمائىي شارائىت، ئۆرپ ـ ئادەت ياكى ھاياتلىق چۈشەنچىسىنىڭ بۇ قىممەت قاراش ۋە ئۆلچەملەرگە توسالغۇ بولۇشىغا يول قويماسلىقى كېرەك.

ئەگەر بىز جەمئىيەتنىڭ بىرەر شەخسنىڭ ھېسسىياتى ۋە پوزىتسىيەسىگە كۆرسەتتىدىغان بېسىمىنى، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلار، ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر، شۇنىڭدەك ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتتا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان قاراشلار قاتارلىق ئويلىشىشقا تېگىشلىك ئامىللارنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆزدە تۇتساق، بۇ ئىلاھىي كۆرسەتمىلەرنى ئىجرا قىلىشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بۇ قىيىنچىلىقنى شۇ چاغدا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىمىزكى، ھەتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك بىر زاتنىڭمۇ بۇ پرىنسىپنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئالاھىدە كۆرسەتمىگە، ھەتتا «تەنقىدلىنىش»كە ئېھتىياجى چۈشكەن. بۇ نۇقتىغا شۇنداقلا ئىشارەت قىلىپ قويۇشنىڭ ئۆزىلا مەسىلىنىڭ نەقەدەر جىددىيلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە كۇپايە. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسان يېتەلەيدىغان ئەڭ يۇقىرى ئۇلۇغلۇق ۋە ئالىيجانابلىقنىڭ چوققىسىغا يەتكەن زات ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ مۇئەييەن بىرەر پرىنسىپنى يەتكۈزۈشى ئۈچۈن ئالاھىدە كۆرسەتمىلەرنىڭ تەلەپ قىلىنىشى ئۇ پرىنسىپنىڭ «ئۇلۇغدىنمۇ ئۇلۇغ» ھەم مىسلىسىز دەرىجىدە ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

دەرۋەقە، بۇ يەردە تىكلەنگەن پرىنسىپنىڭ ھەققىي تەسۋىرى شۇكى، ئىنسانىيەت ئۆزلىرىنى بارلىق قىممەت قاراشلىرى ۋە ئۆلچەملىرى بىلەن بىرلىكتە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن، قىممەت قاراشلىرىنى جەزمەن ئاللاھ تەرىپىدىن ئېلىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇغان تۈپ ئۆلچەمنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك بولغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلاردۇر»[7]. بۇ، دۇنيادىكى ھېچقانداق ئامىلغا باغلىق بولمىغان بىردىنبىر ئىلاھىي ئۆلچەمدۇر. ئەمما، كىشىلەر يەر يۈزىدە ياشايدۇ

[7] سۈرە ھۇجۇرات، 13 ـ ئايەت.

ۋە نۇرغۇنلىغان مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىدۇ، بۇلاردىن ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس سالمىقى ۋە تەسىرى بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتى، ھوقۇق - مەنسىپى ۋە بايلىقى قاتارلىق ئامىللار تەرىپىدىن مەيدانغا كەلگەن كۆزقاراشلىرى بار. بۇلارنىڭ تەقسىملىنىشى ياكى مەركەزلىشىشى مەلۇم ئەمەلىي ۋە ئىقتىسادىي نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئورنىنى بەلگىلەيدۇ. نەتىجىدە دۇنياۋى ئۆلچەملەرنى ئىلاھىي ئۆلچەمدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ سالدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ.

ئىسلام دىنى «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك بولغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلاردۇر» دەپ جاكارلىغاندا، بۇ بىزگە باشقا بارلىق قىممەت قاراش ۋە ئۆلچەملەرنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام ئۇلارنىڭ ئورنىغا بىۋاسىتە ئاللاھتىن كەلگەن بىرلا قىممەت ئۆلچىمىنى قويىدۇ. ئەبەسە سۈرىسىدە تەسۋىرلەنگەن بۇ ۋەقە دەل مۇشۇ قىممەت قاراشنى ئەمەلىي بىر ۋەزىيەت ئارقىلىق تىكلەشكە خىزمەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تۆۋەندىكى تۈپ پىرىنسىپ بېكىتىلىدۇ: «ئېتىراپ قىلىنىدىغان بىردىنبىر تارازا ئاللاھنىڭ تارازىسىدۇر، ئىنسان ھاياتىنى باشقۇرۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئالىي قىممەت قاراش ئىلاھىي قىممەت قاراشتۇر. شۇڭا، مۇسۇلمانلار ئىنسانلار ئويدۇرۇپ چىقارغان بارلىق قىممەت قاراش، ئۆلچەم، ئەنئەنە ۋە چۈشەنچىلەرنى تەرك ئېتىشى كېرەك».

خوش، بۇ ئۆلچەم قەيەردە ۋە قاچان بېكىتىلگەن؟ جاۋاب شۇكى، مەككىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز، ئىسلام بولسا تەڭپۇڭسىز بىر كۈرەشتىكى ئاجىز تەرەپ بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە بېكىتىلگەن. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ چاغدا بىر تۈركۈم تەسىرى كۈچلۈك كىشىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش تىرىشچانلىقى ھېچقانداق شەخسىي مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسىدە مەيدانغا چىقمىغىنىدەك، ئەما كىشىگە پەرۋا قىلماسلىقمۇ ھېچقانداق شەخسىي سەۋەبتىن بولماستىن، ھەممىسى ئاشۇ يېڭى دەۋەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىدى. لېكىن، بۇ دەۋەتنىڭ ئۆزى دەل مۇشۇ ئۆلچەمنى ۋە مۇشۇ قىممەت قاراشلارنى قوبۇل قىلىشقا ۋە يولغا قويۇشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى، ئىسلام پەقەت مۇشۇ قىممەت قاراش ۋە ئۆلچەملەرنى تىكلەش ئارقىلىقلا ھەقىقىي

كۆچكە ئېرىشەلەيدۇ ۋە ھەققىي غەلبىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

بۇ ئايەتلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆرسەتكەن تەسىرى

شۇنىڭدىن كېيىن، مۇشۇ بۈيۈك پرىنسىپقا باغلانغان قىممەت قاراشلار ئەڭ ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇ يۈكسەك ئورۇنغا ئېرىشىشى ئەرەب جەمئىيىتىدە بولسۇن ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە بولسۇن ھەرگىز ئاسانغا توختىغان ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۈرىدىكى ئىلاھىي كۆرسەتمىلەرنىڭ ئۆزىدە قالدۇرغان چوڭقۇر تەسىرى بىلەن سۇغىرىلغان ئەمەلىيەتلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرى ئارقىلىق، بۇ توپ ئىسلامىي پرىنسىپنى ساھابىلىرىنىڭ ۋىجدانىغا ۋە ئۆزى قۇرغان ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھاياتىغا سىڭدۈرەلىدى. ئۇ بۇ يېڭى «مايسا»نى تاكى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، شاخلىرى يېيىلغۇچە ئۈزۈلدۈرمەي، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلدى. شۇ سەۋەبتىن، بۇ پرىنسىپ نۇرغۇن ئەسىرلەر بويى مۇسۇلمان ئۇممىتىنىڭ يېتەكچى پرىنسىپىغا ئايلاندى.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھەمىشە قىزغىن قارشى ئالاتتى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالسا: «رەببىم ئۇنىڭ سەۋەبىدىن مېنى ئەيىبلىگەن كىشىگە مەرھابا!» دەيتتى. ئۆزى سەپەر تۈپەيلى مەدىنىدىن ئايرىلغاندا، ئۇنى ئىككى قېتىم مەدىنىگە ۋالىيلىققا تەيىنلىگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى ئەسەد جەمەتىدىن بولغان نەۋرە سىڭلىسى زەينەب بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۆزىنىڭ سابىق قۇلى زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا نىكاھلاپ بەردى. تويى - تۆكۈن مەسىلىسى ھەمىشە ئىنتايىن نازۇك مەسىلە بولۇپ كەلگەن، بولۇپمۇ شۇ چاغدىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بۇ تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ يەردىكى مەقسىتى دۇنياۋى مەنپەئەتلەرگە ئاساسلانغان بارلىق ئىجتىمائىي قىممەت قاراشلار ۋە ئۆلچەملەرگە كۈچلۈك زەربە بېرىش ئىدى. مەككىلىك مۇسۇلمانلار مەدىنىگە يەرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار ئارىسىدا قېرىنداشلىق رىشتىسى ئورناتتى، تاغىسى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆزىنىڭ سابىق قۇلى

زەيد ئىبنى هارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن قېرىنداش قىلدى، خەسئەم قەبىلىسىدىن خالىد ئىبنى رۇۋەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن سابىق قۇل بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قېرىنداش قىلىپ قويدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئتە غازىتىغا قاتناشقان ئىسلام قوشۇنىغا زەيد ئىبنى هارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى باش قوماندان قىلدى. زەيدنىڭ بىرىنچى ئورۇنباسارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرە قېرىندىشى جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى، ئىككىنچى ئورۇنباسارى بولسا ئەنسارلاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. 3000 كىشىلىك بۇ قوشۇن ئىچىدە مەككە ۋە مەدىنىنىڭ نۇرغۇن مۆتىۋەرلىرى، جۈملىدىن تارىختىكى ئەڭ داڭلىق مۇسۇلمان قوماندان خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۇزىتىش ئۈچۈن ئۆزى چىقتى. شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، زەيد ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئورۇنباسارى شۇ جەڭدە شېھىت بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قىلغان ئىشلىرىدىن بىرى، رۇملۇقلارغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن تەشكىللەنگەن قوشۇننىڭ باش قوماندانلىقىغا ياش يىگىت ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى تەيىنلەش بولدى. بۇ قوشۇندا مەيلى مۇھاجىرلار بولسۇن ياكى ئەنسارلار بولسۇن ئىسلامنى بالدۇر قوبۇل قىلغان نۇرغۇن كىشىلەر، جۈملىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ مۆھتەرەم ئىككى ساھابىسى ۋە يېقىن خەلىپىلىرى بولغان ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە ئۇنىڭ تۇغقىنى، ئىسلامنى تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلغانلاردىن بىرى بولغان سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. لېكىن، بەزى كىشىلەر ئۇسامەنىڭ تېخى ياش تۇرۇپ قوماندانلىققا تەيىنلەنگەنلىكىدىن نارازى بولۇپ، ئۆزئارا پىچىرلىشىپ يۈردى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ۋەقەنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: بەزى كىشىلەر قوشۇن قوماندانلىقىنىڭ ئۇسامەگە بېرىلگەنلىكىدىن شىكايەت قىلغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«سىلەر ئۇنىڭ قوماندانلىقىغا نارازى بولۇۋاتىسىلەر، ئىلگىرى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ

قوماندانلىقىدىنمۇ نارازى بولغان ئىدىڭلار. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ ئاتىسى لاياقەتلىك بىر قوماندان ھەم ماڭا نىسبەتەن ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەردىن ئىدى. ئۇسامەمۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەردىن بىرىدۇر»[8].

بەزى كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىسى سەلمان پارىسىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توغرىسىدا كەمسىتىش خاراكتېرلىك سۆزلەرنى قىلدى. ئۇلار تار مىللەتچىلىك كۆز قارىشىدا بولۇپ، پارسلارنىڭ ئەرەبلەرگە نىسبەتەن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى سۆزلىشىپ يۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق قاراشلارنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش ئۈچۈن كەسكىن بىر قەدەم تاشلاپ: «سەلمان بىزنىڭ ئەھلى بەيتىمىزدىندۇر» دەپ جاكارلىدى[9]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىنتايىن زور سالماققا ئىگە بولغان بارلىق نەسەب، قەبىلە ۋە مىللەت قاراشلىرىدىن ئۈستۈن تۇراتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنتايىن ھۆرمەتلىك ئىككى ساھابىسى بولغان ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارىسىدا بىر مەسىلىدە تالاش - تارتىش يۈز بەردى. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاچچىقىدا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى «قارا خوتۇننىڭ بالىسى» دەپ تاشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن قاتتىق بىئارام بولدى ۋە ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەيىبلەپ:

— «ئى ئەبۇ زەر! ئۇنى ئانىسى بىلەن ئەيىبلىدىڭمۇ؟ سەندە تېخى جاھىلىيەتنىڭ قىلىقى بار ئادەم ئىكەنسەن» — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تالاش - تارتىشنى توغرا نۇقتىغا بۇرىدى. كىشىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان نەرسە ئۇلارنىڭ رەڭگى ئەمەس، بەلكى ئىمانىدۇر. بۇ بولسا جاھىلىيەت جەمئىيەتلىرىنىڭ دۇنياۋى ئۆلچەملىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىسلامىي مىزاندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەيىبلىشى ئىنتايىن نازۇك تەبىئەتلىك بولغان ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇ خاتالىقىنى يۇيۇش ئۈچۈن يۈزىنى يەرگە قويدى ۋە بىلال دەسسەپ ئۆتمىگۈچە بېشىنى

[8] ئىمام بۇخارىي، ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

[9] ئىمام تەبەرانىي ۋە ئىمام ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

يەردىن كۆتۈرمەيدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قۇل تۇرۇپ ئىسلام جەمئىيىتىدە ئىنتايىن يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشتى. ئۇنى بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن نەرسە دەل ئىلاھىي قىممەت قاراشلارنىڭ ئەمەلىي ھاياتتا تەتبىقلىنىشى ئىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم بىلالغا:

— «قېنى ئېيتىپ باقە، قىلغان ئەمەللىرىڭ ئىچىدە قايسىسىدىن ئەڭ كۆپ ساۋاب ئۈمىد قىلىسەن؟ چۈنكى، مەن تۈنۈگۈن كېچە جەننەتتە سېنىڭ ئالدىمدا مېڭىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىڭنى ئاڭلىدىم» — دېدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق جاۋاب بەردى: «مۇسۇلمان بولغاندىن بۇيان كېچە - كۈندۈزدىن قانداق چاغدا تاھارەت ئالسام، شۇ تاھارەت بىلەن قولۇمدىن كېلىشىچە (نەپلە) ناماز ئوقۇشۇمنى بەكرەك ساۋاب ئۈمىد قىلىدىغان باشقا بىرەر ئەمەل قىلغانلىقىمنى بىلمەيمەن»[10].

بىر قېتىم ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىرسۇن، پاك ۋە ياخشى ئادەمگە مەرھابا!» دېدى[11]. يەنە ئۇنىڭ ھەققىدە: «ئەممارنىڭ پۇت - قوللىرىدىن تارتىپ چوققىسىغىچە ئىمان بىلەن تولغان» دېگەن[12]. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەر بىلەن يەنە قانچىلىك بىللە بولىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، شۇڭا مەندىن كېيىن قالىدىغان ئىككى كىشىنىڭ (ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرگە ئىشارەت قىلغان) يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىڭلار، ئەممارنىڭ ھىدايىتىگە ئەگىشىڭلار، ئىبنى مەسئۇد سىلەرگە نېمە دېسە ئىشىنىڭلار»[13].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنچىلىك يېقىن ئىدىكى، مەدىنىگە كەلگەن ھەرقانداق يات كىشى ئۇنى پەيغەمبەر جەمەتىنىڭ ئەزاسى دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاكام

[10] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[11] ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

[12] ئىمام نەسائىي رىۋايەت قىلغان.

[13] ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

بىلەن يەمەندىن مەدىنىگە كەلگەندە، خېلى ئۇزۇنغىچە ئىبنى مەسئۇد بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنى پەيغەمبەر جەمەتىدىن دەپ ئويلاپ يۈرۈپتۇق، چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە دائىم كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە بىللە ئىدى»[14].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سابىق قۇل بولغان جۇلەيبىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن بىر ئەنسارىي ئايالغا ئەلچى بولۇپ باردى. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ نىكاھقا ماقۇل بولۇشقا ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقاندا، قىز ئۇلارغا:

- سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىپىنى رەت قىلماقچىمۇ؟ ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كىشىنى بىزگە مۇۋاپىق كۆرگەن بولسا، بۇ نىكاھ بولسۇن! - دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ قوشۇلدى[15].

توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، جۇلەيبىب بىر غازاتقا قاتناشتى. جەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن:

- «ئاراڭلاردا يوقاپ كەتكەنلەر بارمۇ؟» - دەپ سورىدى. ساھابىلەر بىرقانچە كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سوئالىنى تەكرارلىدى، ئۇلار يەنە بىرقانچە كىشىنى تىلغا ئالدى. ئۈچىنچى قېتىم سورىغىنىدا، ئۇلار:

- باشقا ئادەم قالمىدى، - دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- «مېنىڭچە جۇلەيبىبمۇ يوق» - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ساھابىلەر ئىزدەپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى ئۆزى ئۆلتۈرگەن يەتتە دۈشمەننىڭ ئارىسىدىن تېپىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ توختاپ: «ئۇ يەتتە كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزى شېھىت بوپتۇ. بۇ كىشى مەندىندۇر، مەن ئۇنىڭدىندۇرمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاكى قەبرىسى كولىنىپ بولغۇچە ئۇنى قۇچىقىدا كۆتۈرۈپ تۇردى، ئاندىن ئۇنى قەبرىگە قويدى[16]. بۇ رىۋايەتتە جۇلەيبىبنىڭ يۇيۇلغان - يۇيۇلمىغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان (ئىسلام ئەنئەنىسىدە شېھىتلار يۇيۇپ - تارالمايدۇ).

## ئىلاھىي پرىنسىپنىڭ ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرىدىكى رولى

[14] ئىمام بۇخارىي، ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام ترمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

[15] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[16] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن ئۆز قىممەت قاراشلىرى ۋە ئۆلچەملىرىنى ئەرشتىن ئالىدىغان، يەر يۈزىدە ياشىسىمۇ يەرلىك چەكلىمىلەرنىڭ پۇتلىكاشاڭلىرىغا ئۇچرىمايدىغان يېڭى بىر جەمئىيەت بەرپا بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئارقىمۇئارقا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىشى ئىلاھىي ئىرادە ئىدى، چۈنكى بۇ ئىككى زات ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئەڭ چوڭقۇر چۈشەنگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببەتتە ۋە ئۇنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىش ئىرادىسىدە باشقا ھەرقانداق كىشىدىن ئېشىپ چۈشكەن كىشىلەر ئىدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇن قوماندانلىقىنى ئۇسامەگە بېرىشتىكى مەقسىتىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ خەلىپە بولۇپلا قىلغان تۇنجى ئىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن ۋە ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قوماندانلىققا تەيىنلىگەن قوشۇننى ئەسلىدىكى ۋەزىپىسىگە ئەۋەتىش بولدى.

خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇننى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن مەدىنىنىڭ سىرتىغىچە بىللە چىقتى. بۇ ئاجايىپ بىر كۆرۈنۈش ئىدى: ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئات ئۈستىدە، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا پىيادە كېتىۋاتاتتى. ياش قوماندان ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى ئاتلىق مېڭىپ، ياشانغان زات خەلىپىنىڭ پىيادە مېڭىشىدىن خىجىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئاتقا مىنىۋېلىشىنى، بولمىسا ئۆزىمۇ ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە مېڭىشنى ئۆتۈندى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى رەت قىلىپ: «سەنمۇ ئاتتىن چۈشمە، مەنمۇ مىنمەيمەن. مېنىڭ پىيادە مېڭىشىم ئاللاھنىڭ يولىدىلا بولىدىكەن، بىرەر سائەت پىيادە مېڭىپ قويغىنىمنىڭ زىيىنى يوق» دېدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ياردىمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. لېكىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇسامە قوشۇنىنىڭ بىر ئەسكىرى ئىدى، شۇڭا ئۇنى قوشۇندىن بوشىتىش ئۈچۈن

ئۇسامەنىڭ رۇخسىتىنى سوراشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن خەلىپە، يەنى دۆلەت باشلىقى ئۆز قوشۇنىنىڭ قوماندانىغا:

ــ ئۆمەرنى ماڭا ياردەم قىلىشى ئۈچۈن قوشۇندىن بوشىتىپ بېرەلىسەڭ، بەكمۇ خۇرسەن بولاتتىم، ــ دېدى.

بۇ تەلەپ نېمىدېگەن گۈزەل ئۇسلۇبتا بولغان ــ هە!

بۇ پەقەت ئاللاهنىڭ ئەلچىسى تەرىپىدىن ياخشى تەربىيەلەنگەن، ئاللاهنىڭ ئىرادىسىگە چىن قەلبىدىن بويسۇنغان شەخسلەردىلا كۆرۈلىدىغان ئالىيجانابلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر.

بىرقانچە يىلدىن كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى بولۇپ، رەهبەرلىكنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن بىرى، ئىلگىرى مەككىنىڭ تۆۋەن تەبىقىسىدىن بولغان ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنى ئىراقنىڭ كۇفە رايونىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەش بولدى. بىر كۈنى سۇهەيل ئىبنى ئەمر ۋە ئەبۇ سۇفيان قاتارلىق قۇرەيشنىڭ بىر تۈركۈم مۆتىۋەرلىرى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئۇلارنى ساقلىتىپ قويۇپ، ئالدى بىلەن ئىسلامنى بالدۇر قوبۇل قىلغان ۋە بەدرى غازىتىغا قاتناشقان ئىككى سابىق قۇل سۇهەيب رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ بىلەن بىلال رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنى قوبۇل قىلدى. ئەبۇ سۇفيان بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ:

ــ مەن بۈگۈنكىدەك خارلىقنى كۆرۈپ باقمىغان. بۇ قۇللارغا رۇخسەت قىلىنىپ، بىز سىرتتا ساقلىتىلدۇق، ــ دېدى. بۇ چاغدا ئىسلامنىڭ هەقىقىي ماهىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەن سۇهەيل رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق دېدى:

ــ چىرايىڭلاردىكى بۇ پوزىتسىيەدىن نېمىلەرنى هېس قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. لېكىن، شۇنى ئېيتىمەنكى، ئەگەر غەزەپلىنىدىغان بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا غەزەپلىنىڭلار. سىلەرمۇ، ئۇلارمۇ ئىسلامغا بىرلا ۋاقىتتا دەۋەت قىلىنغان ئىدىڭلار. ئۇلار تېزلا ئىمان ئېيتتى، لېكىن سىلەر كېچىكتىڭلار. ئەگەر قىيامەت كۈنى ئۇلار تاللانغانلار قاتارىدا بولۇپ، سىلەر ئارقىدا قالساڭلار، قانداق قىلىسىلەر؟

ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ غەنىيمەت تەقسىماتىدا ئۇسامە ئىبنى زەيدكە ئۆزىنىڭ ئوغلى

ئابدۇللاھقا قارىغاندا كۆپ ئۆلۈش ئايرىدى. ئابدۇللاھ دادىسىنىڭ بۇ قارارىدىن سوئال سورىغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق جاۋاب بەردى: «ئوغلۇم! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدنى سېنىڭ داداڭدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرەتتى، ئۇسامەنىمۇ سەندىن بەكرەك ياخشى كۆرەتتى. مەن پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزۈمنىڭ مۇھەببىتىدىن ئۈستۈن قويدۇم، خالاس!».

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزنى قىلغاندا، ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز مۇھەببىتىنى ئىلاھىي ئۆلچەملەر بىلەن ئۆلچەيدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەنگەن ئىدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قېتىم ئەممارنى زەپەر قۇچقان ئىسلام قوشۇنىنىڭ قوماندانى، ئاقسۆڭەك جەمەتتىن بولغان خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدىكى بەزى شىكايەتلەرنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەكشۈرۈش جەريانىدا خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بويىنىنى چاپىنى بىلەن باغلىدى. بەزى رىۋايەتلەردە، سەللىسى بىلەن خالىدنىڭ قولىنى باغلىغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە خالىدنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغاندا ئەممار ئۇنى بوشىتىپ، سەللىسىنى ئۆز قولى بىلەن بېشىغا قايتا يۆگەپ قويدى. خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ مۇئامىلىگە ھېچقانداق نارازىلىق بىلدۈرمىدى. چۈنكى، ئۇ ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشقەدەم ساھابىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنىمۇ (يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك) ئوبدان بىلەتتى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار ھەققىدە: «ئەبۇ بەكرى بىزنىڭ خوجايىنىمىز (سەييىدىمىز) دۇر، ئۇ يەنە بىزنىڭ خوجايىنىمىزنى (بىلالنى) ئازاد قىلدى» دېگۈچى دەل ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ سۆز ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنىڭ قۇلى بولغان بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىسلامدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا رەھىمسىزلەرچە قىيىن - قىستاق قىلىۋاتقان كۈنلەرگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلالنى

ئۇمەييەدىن سىپتۇۋىلىپ، ئازاد قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە، خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سابىق قۇل بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى «خوجايىنىمىز» دەپ سۇپەتلىمەكتە.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دېگەن زاتتۇر: «ئەگەر ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازادگەردىسى سالىم ھايات بولسا ئىدى، ئۇنى ئۆزۈمدىن كېيىن خەلىپىلىككە كۆرسەتكەن بولاتتىم». بۇ سۆزنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىدىن كېيىن ھېچكىمنى، ھەتتا ئوسمان، ئەلى، تەلھە ياكى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن ھېچبىرىنى خەلىپىلىككە بىۋاستە كۆرسەتمىگەن، بەلكى كېيىنكى خەلىپىنى ئۆزئارا كېڭىشىپ سايلىشى ئۈچۈن، ئالتە كىشىلىك شۇرا (مەسلىھەت) ھەيئىتىنىلا تەيىنلىگەن ئىدى.

بۇ توپ پىرىنسىپ چىكىنىشكە سەۋەب بولىدىغان ھەر خىل ئامىللارغا قارىماي، ئىسلام جەمئىيىتىدە ئەسىرلەر بويى مۇستەھكەم ساقلىنىپ كەلدى. مەسىلەن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەمىشە ئازادگەردىسى ئىكرىمە بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىناتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئازادگەردىسى نافىئ بىلەن، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئازادگەردىسى ئىبنى سىيرىن بىلەن، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا ئازادگەردىسى ئابدۇررامان ئىبنى ھۇرمۇز بىلەن بىرگە ئەسلىنەتتى. ئۇلاردىن كېيىنكى ئەۋلادلاردا (تابىئىنلاردا) ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلىم ئەھلىلىرى بەسرەدە ھەسەن بەسرىي، مۇجاھىد ئىبنى جەبر، ئەتا ئىبنى رەباھ ۋە تاۋۇس ئىبنى كەيسان قاتارلىق زاتلار ئىدى. مىسىردا بولسا دەڭگاللىق قارا تەنلىك قۇل يەزىد ئىبنى ئەبى ھەبىب ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە باش مۇفتى بولغان ئىدى.

بۇ ئىلاھىي ئۆلچەم گەرچە دۇنياۋى قاراشلاردا قىممەتلىك دەپ قارىلىدىغان بارلىق نەرسىلەردىن مەھرۇم بولسىمۇ، تەقۋادار كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ئۆلچىمى بولۇپ كەلگەن ئىدى. لېكىن، يېقىنقى زامانلاردا بۇ ئىلاھىي ئۆلچەم ئۆز رولىنى يوقاتتى. چۈنكى، ھازىر پۈتۈن دۇنيا ئىلاھىي قىممەت قاراشلارغا تامامەن سەل قارىلىدىغان «جاھىلىيەت» دولقۇنىغا غەرق بولدى. كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە

بىر ئادەمنىڭ قىممىتى بانكا ھېساباتىدىكى پۇلىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. كوممۇنىزم ھۆكۈمران پەلسەپە بولغان دۆلەتلەردە بولسا ھاياتقا پەقەت ماددىي نۇقتىدىنلا قارىلىدۇ. ئۇ يەردە ئىنساننىڭ قىممىتى ماشىنىنىڭ قىممىتىدىنمۇ تۆۋەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلام زېمىنلىرىمۇ قايتىدىن جاھىلىيەت پاتقىقىغا چۆكمەكتە. ئىسلام يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋەتكەن جاھىلىيەت ئەقىدىلىرى ئەمدىلىكتە قايتا جانلانماقتا. ئىلاھىي ئۆلچەملەر تەرك ئېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسلامغا پۈتۈنلەي يات بولغان ماددىي قىممەت قاراشلار قوبۇل قىلىنماقتا.

## خۇلاسە

سۈرە ئەبەسەدە تىلغا ئېلىنغان «چىراي تۈرۈش» ۋەقەسى ئىنسانىيەتنىڭ قىممەت قارىشىدىكى بۈيۈك بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ، ئۇ جەمەت، يۈز - ئابرۇي ۋە بايلىق قاتارلىق ماددىي ئامىللار ئۈستىگە قۇرۇلغان دۇنياۋى پەرقلەرنى بىر دەقىقىدە يوققا چىقاردى. مۇشۇ ۋەقە ئارقىلىق تىكلەنگەن ئىلاھىي مىزان ئىنساننىڭ قىممىتىنى نەسەب، بايلىق ياكى جىسمانىي ئارتۇقچىلىققا ئەمەس، بەلكى پەقەت روھىي پاكلىق ۋە تەقۋادارلىققىلا باغلايدىغان بۈيۈك ئادالەت مىزانى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنىڭ ئىرقىي كەمسىتىش، تەبىقە ۋە سىنىپىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرۇشتىكى كەسكىن مەيدانىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق نامايان قىلدى. بۇ ئۇلۇغ پرىنسىپ ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە پۈتۈن بىر مەدەنىيەتنىڭ ئۇل تېشىغا ئايلاندى. ئىسلام جەمئىيىتى ئىنسانلارنى نەسەبكە قاراپ ئەمەس، بەلكى ئىلمىگە ۋە تەقۋادارلىقىغا قاراپ قەدىرلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئادالەتلىك، ئەڭ پارلاق مەدەنىيەت مەيدانغا كەلدى.

---

*مەنبە: بۇ ماقالىنى تەييارلاشتا سەييىد قۇتۇبنىڭ «قۇرئان سايىسىدا» ناملىق تەپسىرىدىكى «ئەبەسە سۈرىسى»نىڭ باش قىسمىغا بېرىلگەن ئىزاھاتلار ئاساس قىلىندى.*









# ئاپتورلىرىمىز سەمىگە:

ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ژۇرنال مەسئۇلى ۋە تەھرىر ھەيئىتىدىكى جاپاكەشلەرنىڭ ھىممىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ 11-سانى سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ژۇرنىلىمىز ھەر يىلدا ئىككى سان نەشر قىلىنىدىغان بولۇپ، ئەقىدە، ئىبادەت، ئەدەپ-ئەخلاق، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە مۇئامىلە ،ئېقىم مەسىلىلىرى، مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھالىلىرى... قاتارلىق دىنىمىزغا ئالاقىدار ھەرقايسى تېمىلاردا ماقالە قوبۇل قىلىدۇ.

تۆۋەندە ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەسەر قوبۇل قىلىش شەرتلىرىنى ئاپتورلىرىمىز سەمىگە سالماقچىمىز:

1. ماقالە مەزمۇنى ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ئىلمانىي ئىدىيەلەر ياكى ئوتتۇرا يولدىن چەتنىگەن ئاشقۇن پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولۇشى كېرەك.
3. ئۆچمەنلىك ۋە پىتنە تارقىتىش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەر بولماسلىقى كېرەك.
4. شەخس ۋە كوللېكتىپلارغا قارىتا ھاقارەت تۈسىنى ئالمىغان بولۇشى كېرەك.
5. مىللىتىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالى ۋە كەلگۈسىگە ئالاقىدار رىغبەت ۋە ئۈمىدۋارلىق نۇقتىسىدىن يېزىلغان مۇلاھىزە ماقالىلىرى، شۇنداقلا تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھاياتى يورۇتۇلغان، مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ئۈمىد، ئىلھام، ئىپتىخار بېغىشلايدىغان ماقالىلەر ئالدىن ئويلىشىلىدۇ.
6. ماقالىلەر ئۆلچەملىك ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان بولۇشى، گىراماتىكا ۋە ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
7. ئايەت، ھەدىسلەر ۋە باشقا نەقىل مەنبەلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات شەكلىدە بېرىلىشى كېرەك.
8. ئايەتلەرنىڭ تېكىستى گۈللۈك ﴿ ﴾ تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ھەدىسلەرنىڭ تېكىستى چوڭ [ ] تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ئىزاھاتلار بەت ئاستىغا ئېلىنىشى كېرەك.
9. تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسى قوشۇپ ئەۋەتىلىشى كېرەك.
10. ئۆزلەشتۈرۈلگەن ماقالىلەر چوقۇم ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
11. مەيلى ئىجادىي بولسۇن، ياكى تەرجىمە بولسۇن، تېما تاللىغاندا مۇمكىنقەدەر ئۇيغۇرلارغا يېڭى ھېسابلىنىدىغان تېمىلارنى تاللاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.


انما يخشى الله من عباده العلماء
ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.
ئۇلىمالار
olimalar
2022-يىللىق 1-سان، ئومۇمىي 5-سان
— يېرىم يىللىق دىنىي ژۇرنال —

انما يخشى الله من عباده العلماء
ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.
ئۇلىمالار
olimalar
2022-يىللىق 2-سان، ئومۇمىي 6-سان
— يېرىم يىللىق دىنىي ژۇرنال —

انما يخشى الله من عباده العلماء
ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.
ئۇلىمالار
olimalar
2023-يىللىق 1-سان، ئومۇمىي 7-سان
— يېرىم يىللىق دىنىي ژۇرنال —

انما يخشى الله من عباده العلماء
ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.
ئۇلىمالار
olimalar
2023-يىللىق 2-سان، ئومۇمىي 8-سان
— يېرىم يىللىق دىنىي ژۇرنال —

انما يخشى الله من عباده العلماء
ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.
ئۇلىمالار
olimalar
2024-يىللىق 1-سان، ئومۇمىي 9-سان
— يېرىم يىللىق دىنىي ژۇرنال —

انما يخشى الله من عباده العلماء
ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.
ئۇلىمالار
olimalar
2024-يىللىق 2-سان، ئومۇمىي 10-سان
— يېرىم يىللىق دىنىي ژۇرنال —